إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى». (نىسا سۈرىسى 103 - ئايەت).

تارقاتقۇچى:

www·islamyoli·net

# ناماز ھەققىدە ساۋات

مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋۋاف

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاھ**

محمد محمود الصواف

# تعليم الصلاة

بۇ كىتابنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇستىدىكى ھەققىنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، پېشانىسىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەجدىگە قويۇشقا ئالدىرىغان، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا ئۇنىڭ كاتتىلىقى، ئۇستۇنلىكى توغرا ۋە ئەبەدىي داۋام قىلىدىغان ئىسلام دىنىنى تونۇغان ھالدا روھ ۋە بەدەنىنىڭ ئەزالىرى سەجدىگە بارغان، روھى نىجىس ۋە قارىغۇ ماددىدىن ئېشىپ پاك - پاكىزە روھىي دۇنياغا ئۆرلىگەن بارلىق كىشىلەرگە تەقدىم قىلىمەن.

يەنە بۇ كىتابىمنى يۇقىرىدىكى ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا تەقدىم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىپ، ئىشەنگەن ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورققان مۇسۇلمان ئايال قېرىنداشلىرىمغا ئاسان قىلىشلارنىڭمۇ بۇ ئىخچام كىتابتىن ئىبارەت سوغامنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارغىمۇ تەقدىم قىلىمەن. مۇۋەپپەق قىلغۇچى جانابى ئاللاھتۇر.

مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋۋاپ

ناماز ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى ۋە دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭغا سەلقاراشقا قەتئىي بولمايدۇ، تەركى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدا ناماز ئۇقۇمىغۇچىلار پاسىق ياكى كاپىر دېيىلىدۇ. شۇڭا مەن مۇسۇلمان، دېگەن ھەر بىر كىشىنىڭ نامازنى قەتئىي تەركى قىلماسلىقى لازىم.

ناماز ئوقۇپ كېلىۋاتقان ياكى يېڭىدىن ناماز باشلىماقچى بولغانلارنىڭ نامازنى توغرا ـ دۇرۇس ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتاب سىزگە ناماز ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىدۇ. كىتاب ئىخچام، سىستېمىلىق ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، مەنبەلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسقا ئاساسلىنىدۇ.

مۇئەللىپ ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ئالىملاردىن بىرى بولۇپ، 1914 ـ يىلى ئىراقتا دۇنياغا كەلگەن، مىسىر ئەلئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئىراق ئۆلىمالىرىدىن ئەمجەد ئەززەھاۋى بىلەن ئىسلام قېرىنداشلىقى تەشكىلاتىنى قۇرغان.

باغدات، مەككە مۇكەررەمەدىكى شەرىئەت پاكۇلتېتلىرىدا دەرس ئۆتكەن.

پەلەستىننى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتىغا رەئىس بولغان.

ئىسلام دۇنيا تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان.

1992 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## يىگىرمە بەشىنچى نەشرىگە كىرىش سۆزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

يەككە ـ يېگانە بولغان، ھەممە پەقەتلا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان، ھېچكىمگە مۇھتاج بولمايدىغان، تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان ۋە ھېچكىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان جانابى ئاللاھقا سان ـ ساناقسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن.

ئۇنى ماختايمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىمەن، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭدىن مېنى توغرا يولغا باشلىشىنى ئۆتۈنىمەن، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە تاللانغىنى، ئىنسانىيەتنى توغرا ۋە ھەق يولغا چاقىرغۇچى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ئالىي جاناپ ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە دۇئا ۋە سالام يوللايمەن.

ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللىغاندىن كېيىن، مەقسەتكە كەلسەك: جانابى ئاللاھنىڭ يېزىش ۋە رەتلەشنى ماڭا نېسىپ قىلغان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان «ناماز ھەققىدە ساۋات» ناملىق قولىڭىزدىكى بۇ كىچىك كىتابنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىدىن نەشرى قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن كىرىش سۆز يېزىش مېنى ھەقىقەتەن خۇشاللاندۇردى. كىتابخانلار بۇ كىتابنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇدى ۋە نۇرغۇنلىرى مەيلى مەن بار يەردە بولسۇن، مەيلى مەن يوق يەردە بولسۇن ماڭا دۇئا قىلدى. شۇڭا بارلىق گۈزەل ماختاشلارغا لايىق بولغان جانابى ئاللاھقا ماڭا ئاتا قىلغان بۇ

پەزلى - نېمتى ۋە ئىنئاملىرى ئۈچۈن قانچىلىك ھەمدۇ سانا ئېيتسام يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن دۇئالىرىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

كىتابخانلارنىڭ مېنى جاسارەتلەندۈرگەنلىكى ۋە ئىجاۋەتلىك دۇئالىرىدا مېنى ياد قىلىپ تۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن، مېنىڭمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلىشىم ۋە رەھمەت ئېيتىشىم ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر.

شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ قولىڭىزدىكى كىتابقا ئوخشاش كىتابلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى، ئومۇمەن ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرىدىغان ۋە ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش يولىغا ھىدايەت قىلغان، نامازنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭ تەلەپكە لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىشنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى ناماز ئىسلامنىڭ ئاساسى تۈۋرىكى، دىنىنىڭ شۇئارى، تەقۋادارلارنىڭ ئالامىتى ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ كىيىمى بولۇپ، نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇغۇچىلار يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) شۇئارلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان، بەش ۋاقىت نامازنى داۋاملىق ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلار ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلەر باردۇر. نىجات تاپىدىغان ۋە ئىسلامىيەتكە ياردەم بېرىش، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش، بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ۋە دۇنيادا ئىسلامنىڭ شەرىپىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان جامائەتمۇ ئەنە شۇلاردۇر.

جانابى ئاللاھتىن بىزنىمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشىنى، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ مەغپىرىتىگە، رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ۋە ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن. چۈنكى ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ئىگىدار ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى - ھە! بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر.

مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋاپ

## بىرىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق ھەمدۇ سانالار شەپقەتلىك، رەھىمدىل، ئادىل، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارغا رازىلىقى ۋە رەھىم - شەپقىتىنى، ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا بولسا ئازابىنى ۋەدە قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەت، ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن بۈيۈك ۋە كاتتىدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى ئاللاھقا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە قايتۇرۇلىسلەر.

مۇسۇلمانلارغا بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغان ۋە ئۇلارغا بەش ۋاقىت نامازنى داۋاملىق ئوقۇشنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن خىتاب قىلىپ «حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ (بەش) نامازنى، بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار» (بەقەر سۈرىسى 238 - ئايەت) دېگەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن.

بەندىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى، تەقۋادارلارنىڭ تەقۋادارى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالىي جانابى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە سالام يوللايمەن.

ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن، شۇنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەنكى، مەن يازغان بۇ كىتاب ئىنتايىن قىسقا «بىر ناماز قائىدىلىرى» ھەققىدىكى كىتاب بولۇپ، ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تەييارلىدىم. مەن نۇرغۇن كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەردە توپتوغرا دىنىغا، ئاللاھنىڭ ئەبەدىي ئەلچىلىكىگە قارىتا ماختاشقا ئەرزىيدىغان نۇقتىلارنى كۆردۈم.

شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ۋەزىپىلەرنى بەرپا قىلىشنى، بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ ئاساسى تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولغان، جانابى ئاللاھ دىنىنىڭ مۇنارى قىلغان، تەقۋادارلارنىڭ غەمدىن خالاس بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى بولغان ۋە ئىسلامنىڭ مۇستەھكەم بىناسى بولغان «ناماز» نى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش ئېھتىياجىنى كۆڭۈللىرىدە ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بۇ كاتتا ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىغانلىق تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قولدىن بېرىپ قويغان مۇكاپاتلار يۈزىسىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار ئاللاھ تائالا تەرەپكە (تەۋبە بىلەن) قايتىشقا ۋە پەرز نامازنى ئادا قىلىش يوللىرى بىلەن ئۇنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن رەۋىشتە قانداق ئادا قىلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە توختاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىجىللىقتىن بۇ ئەمەلىيەتنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچۇق - ئاشكارا سۆزلەشكە پېتىنالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز نەپسىگە قاراپ يىشىنىڭ چوڭقىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئىلىم - پەن ۋە ماددىي جەھەتتىن ھەممە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇدەك دەرىجىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردىن سوراشقا خىجىللىق ھېس قىلىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭلىرى بىر تەرەپتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆسمۈر - كىچىك باللىرىمۇ ياخشى بىلىشى لازىم بولغان نامازنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلالمايدۇ.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: إِنَّهَا لَإِحْدَى الْكُبَرِ ❖ نَذِيرًا لِلْبَشَرِ «ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر». (مۇددەسسىر سۈرىسى 35 - 36 - ئايەتلەر)

مانا بۇ مەن ئۆز كۆزۈم كۆرگەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە ئىنتايىن ئەپسۇلانغان هالدا سۆزلەۋاتقان ناهايىتى ئاچچىق بىر ھەقىقەت بولۇپ، مەن شەھىرىمىزدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئاچچىق ئەھۋالدا كۆردۈم. ئەنە شۇ ئاچچىق ھەقىقەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن، قوللىرىدا بولسۇن دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ قىسقا كىتابنى ھازىرلىدىم.

ھەر بىر مۇسۇلمان بەش ۋاقىت نامازغا، جۈمە نامىزىغا، جامائەت نامىزىغا، ئىككى ھېيت نامىزىغا، مېيىت نامىزىغا، سەپەر نامىزىغا، ئىستىخارە نامىزىغا، سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىغا، چاشگاھ ۋاقتى نامىزىغا، تەھەججۇت نامىزىغا ۋە ھاجەت نامىزىغا... مۇھتاج بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا بۇ نامازلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ كىتابتا قىسقىچە بايان قىلدىم. شۇنىڭدەك، مەن بۇلارنى چوڭ - كىچىك زىيالىلار بىلەن زىيالىي بولمىغانلارنىڭ چۈشىنەلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭمۇ پايدىلىنىپ، بەزىدە سادىر قىلىپ قويىدىغان خاتالىقلىرىنى تۈزىتىۋېلىشى ۋە ناماز ئوقۇمايدىغانلارنىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پەرز نامازلارنى ئۆگىنىۋېلىشى.... ئۈچۈن كىتابنىڭ ئىنتايىن ئاسان بولىشىغا ئەھمىيەت بەردەم.

يەنە مەن مۇمكىن قەدەر ئىختىلاپتىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىپ، كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن توغرا (ئىشەنچلىك يوللاردىن) نەقىل قىلىنغان ۋە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئورتاق پىكىرگە كەلگەن كۆزقاراشلاردىن باشقىسىنى كىتابقا ئالمىدىم. جانابى ئاللاھتىن مېنى ئەڭ ياخشى يولغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئۇنىڭدىن باشقىسى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا دىن بۇ كىتابنى خالىسانە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشىنى، كىتابتا خاتا - نوقسان تاپقان كىشىلەرنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جانابى ئاللاھ تائالا مېنى مۇۋەپپەق قىلغان ئىش مانا مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەتتۇر.

جانابى ئاللاھتىن بۇ كىتابنى بىزگە پايدىلىق قىلىشىنى، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى، ئىشلىرىمىزدىكى ئىسراپچىلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىشىنى، بىزنىڭ قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلىشىنى، بىزنى دۇنيا - ئاخىرەتتە ئىماندا مەھكەم تۇرغۇزۇشىنى سورايمەن. ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ۋەكىل، نېمە دېگەن ياخشى دوست ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچىدۇر.

مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋاپ

## ئىسلامدا نامازنىڭ مەرتىۋىسى ۋە تەرك قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرىكىدۇر

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئاغزىدا مەشھۇر بولغان ۋە ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ بىرى «ناماز دىنىنىڭ تۈۋرىكى» ئىكەنلىكى بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. چۈنكى ناماز مۇسۇلمانلىق بىلەن كاپىرلىقنىڭ چەك چېگرىسىنى ئايرىيدىغان ئالاھىدە بىر چېگرا قىلىنغان بولۇپ، نامازنىڭ ئۈستۈن دەرىجىسىمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىنىڭ نەزىرىدىكى چوڭ ئەھمىيىتى تۈپەيلىدىنلا ئۇنىڭغا بۇ سۈپەتنى بېرىپ، ئۇنى دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە دىنىنىڭ ئۈستۈن پەللىسى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنى نامازغا ئەھمىيەت بېرىشكەن بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ

(بەش ۋاقىت) نامازنى، بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار». (بەقەر سۈرىسى 238 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ـ ۋول مايچاسب بليه البد يوم القيامه الپلاه فۇن پلچت ساېر بملە ۋۇن فسدت فسد ساېر بمل ـ”قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ھېسابى سورىلىدىغان نەرسە نامازدۇر. ئەگەر ناماز تەلەپكە لايىق كۆرۈلسە ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەگەر نامىزى تەلەپكە لايىق كۆرۈلمىسە ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ“.

ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە نامازنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇپ، نىجات تېپىشنىڭ، مەقسەتكە يېتىشنىڭ، غەلىبە قىلىشنىڭ ۋە (دوزاختىن) قۇتۇلۇشنىڭ يولى قىلىپ كۆرسىتىدۇ:

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ * الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكىدىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر». (مۆمىنۇن سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر)

### نامازنىڭ مەنىۋى تەسىرى

خۇشۇ ۋە خۇزۇ بىلەن ئوقۇلغان كامىل ناماز دىلنى يورۇتۇپ، روھنى پاكلايدۇ. كىشىگە بەندىچىلىكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دىلىغا ئاللاھنىڭ كاتتا ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئورنىتىش ئارقىلىق بەندىگە جانابى ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان ۋەزىپىلىرىمىزنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدۇ. يەنە نامازنىڭ ئىنسانىنى گۈزەل ئەخلاقىقا ئىگە قىلىپ، ئۇنى راستچىللىق، ئامانەتكە رىئايە قىلىش، قانائەتچان بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەلىم ۋە كۆيۈمچان بولۇش، كىچىك كۆڭۈل بولۇش، ئادىل بولۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن بېزەيدۇ. يەنە ناماز، ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى يالغۇزلا ئاللاھقا يۈزلەندۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىشى ئاللاھنى تېخىمۇ كۆپ ياد قىلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك قورقىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ھىممىتى ئالىي، نەپسى پاكىزە بولۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇپ، يالغانچىلىقتىن، خىيانەتتىن، يامانلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن، قەھرى ـ غەزەپتىن ۋە مۇتەكەببىرلىكتىن ئۇزاق تۇرىدۇ. زۇلۇم، دۈشمەنلىك، پەسكەشلىك، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقتىن ساقلىنىدۇ. دېمەك، بەندە ناماز ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە دېگەنلىرى ئەمەلىيلىشىدۇ.

وَأَقِمْ الصلاَةَ إِن الصلاَةَ تَنْهَى عَنْ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللهِ أَكْبَرُ وَاللهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ

«....نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (چۈنكى) ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»، (ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت)

### ناماز دىلغان شىپادۇر

ناماز شەكىل ۋە روھتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئەزالارنىڭ ئىبادىتىدۇر، روھى بولسا، دىلنىڭ ئىبادىتىدۇر. يەنە ناماز ھەم جىسمانىي تەلىم ـ تەربىيە ھەمدە روھىي تەربىيە بولۇپ، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دىلىنى يورىتىدۇ، يۈزىنى ئىلاھىي نۇر بىلەن يورىتىدۇ. ناماز بىلەن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك، ناماز بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا بىر ئالاقە بولۇپ، ئۇنى كامىل تەلەپكە لايىق ئوقۇش ئىماننىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى، دىنىي شۇئارلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە سانسىزلىغان نېمەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ روشەن نامايەندىدۇر. ناماز ئوقۇماسلىق بولسا، ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلىشى، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن، نېمەت بۇلىقىدىن ۋە نۇرغۇنلىغان پەزلى ـ ئېھسانىدىن مەھرۇم قېلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ ئېھسانى بىلەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە كۆز يۇمغانلىقتۇر.

تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغا ناماز بىر قىسىم يۈرەك كىسەللىرىگە ۋە روھىي بېئاراملىقلارغا شىپالىق دورا بولۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەت قاراڭغۇلۇقلىرىنى يوق قىلغۇچى نۇردۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايە قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ـ ۋرۆيتم لو ۋن نهرا بباب ۋچدكم يغتسل منه كل يوم خمس مرات هل يبقۇ من درنه شيء ـ"قانداق قارايسىلەر، ئەگەر بىرىڭلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇ ئۆستەڭدە كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنسا ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالارمۇ؟ ساھابىلەر: «ياق، ئۇنىڭدا كىر قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مانا بۇ بەش ۋاقىت نامازنىڭ مىسالى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ" دېگەن. (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

نامازدىكى بىرلىك باراۋەرلىك

نامازدا ئادالەت ۋە تەڭ ـ باراۋەرلىك نامايەن بولىدۇ. مۇئەززىن "**حي على الصلاة**" (يەنى نامازغا كېلىڭلار) دەپ نىدا قىلغىنىدا ئۇ، باي ـ كەمبەغەل، چوڭ ـ كىچىك، رىياسەتچى ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان، ناماز پەرز بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى نامازغا چاقىرىدۇ. توپلانغان ۋاقىتلىرىدا بولسا، بىر سەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ئايرىمچىلىق ۋە ئالاھىدىلىك بولمايدۇ. چۈنكى ھەممىسى تۆۋەندىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان رەۋىشتە ئاللاھنى ياد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا باش ئېگىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغاندۇر.

**وَأَن الْمَسَاجِدَ لِلهِ فَلاَ تَدْعُوا مَعَ اللهِ أَحَدًا**

«مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار». (جىن سۈرىسى 18 - ئايەت).

يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا، ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن باش ئەگكەن، ئۇنىڭغا بويسۇنغان ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورققان ھالدا بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاھىي موللۇقنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېغىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھىي رەھمەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**وَادْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا إِن رَحْمَةَ اللهِ قَرِيبٌ مِنْ الْمُحْسِنِينَ**

«... (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر». (ئەئراف سۈرىسى 56 - ئايەت)

## نامازنى تەركەتكۈچىلەرنىڭ ھۆكمى

ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا نامازنى يولغا قويىدى ۋە ئۇنى ئىسلامنىڭ مۇنارى ۋە دىنىنىڭ تۈۋرىكى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ـ

**رأس الأمر الإسلام، وعموده الصلاة وذروة سنامه الجهاد في سبيل الله**

"ھەر ئىشنىڭ بېشى ئىسلام بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى ناماز، ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسى بولسا ئاللاھ يولىدا جىھاتتۇر". (تىرمىزى رىۋايىتى).

ناماز جانابى ئاللاھ ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلغان بىر ئىبادەت بولۇپ، مىئراج كېچىسى پەرز قىلىنغان. نامازنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى كاتتىلىقى تۈپەيلىدىن جانابى ئاللاھ ئۇنى ئەلچىسىگە بىۋاستە ئۇقتۇرغان بولۇپ، ئۇنى تەرك قىلغۇچىنىڭ جازاسى توغرىسىدا قاتتىق ئىپادە قوللاندى ۋە ئۇلارنى كۇپۇر ۋە ئازغۇنلۇق دەرىجىسىگىچە ئېلىپ باردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى نامازدىن يىراقلاشسا، ئىسلامدىن يىراقلاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ غەزەپ نەپرىتىگە ئۇچرىغان، ئۆز دىنىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان، ئۆزىنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ بارغان ۋە بۇ سەۋەبتىن باشقا ياخشى ئىشلىرىنىمۇ بىكارغا چىقارغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى بولسا، ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئەگەر ئۇنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئەمەل قىلىپ، بۇ ساماۋى ئەمرلەرگە ئىتائەت قىلغان بولاتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**وَأَقِمْ الصلاَةَ طَرَفَي النهَارِ وَزُلَفًا مِنْ اللَيْلِ إِن الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السيئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذاكِرِينَ**

«كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇغىن، شۈبھىسىزكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر». (ھۇد سۈرىسى 114 - ئايەت).

**وَأَقِمْ الصلاَةَ إِن الصلاَةَ تَنْهَى عَنْ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَلَذِكْرُ اللهِ أَكْبَرُ وَاللهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ**

«... نامازنى (تەئدىل ئاركان بىلەن) ئوقۇغىن، (چۈنكى) ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە ئىشلارنى) بىلىپ تۇرىدۇر». (ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 - ئايەت).

**فَإِذَا اطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُوا الصلاَةَ إِن الصلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا**

«... خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىندى». (نىسا سۈرىسى 103 - ئايەت)

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىمامى ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: **بين الرجل وبين الكفر تـرك الصـلاة** ”ئادەم بىلەن كۇپۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا نامازنى تەرك قىلىشتۇر“. (مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا بۇرەيدە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن: **العهد الذي بينناوبينهم الصلاة فمن تركها فقد كفر-** ”ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختام نامازدۇر، شۇڭا كىمكى ئۇنى تەرك قىلسا كاپىر بولىدۇ“. (تىرمىزى رىۋايىتى).

يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ناماز توغرىسىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن:

**من حافظ عليها كانت له نورا، وبرهانا ونجاة، يوم القيامة، ومن لم يحافظ عليها لم يكن له نورا ولا برهان ولانجاة وكان يوم القيامة مع قارون وفرعون وأبي بن خلف**

”كىمكى نامازغا ئەھمىيەت بەرسە، ناماز ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق (ۋەسىلىسى) بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىسە ئۇنىڭغا نۇرمۇ، نىجاتلىقمۇ ۋە ھۆججەتمۇ بولمايدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنى قارۇن، پىرئەۋن ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن بىرگە بولىدۇ“. (تىرمىزى رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ۋە باشقا ھەدىسلەرگە ئاساسلانغان ھالدا نامازنىڭ ئىسلامدىكى كاتتا مەرتىۋىسى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ساھابىلەر نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى كۆز قارىشىدا بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئالىملارمۇ ئۇلارنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرىغا قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ئالىملار نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلماستىن قەستەن نامازنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھكار ـ پاسىق بولىدىغانلىقى، كىشىلەرگە يامان ئۈلگە بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەزىر جازاسى بېرىش ۋە ئۇلارنى قاماققا ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنگە قەدەر قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇش لازىملىقىنى سۆزلىگەن.

مەزھەب ئىماملىرى، بىردەك ھالدا نامازنى تەرك قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ لازىملىقى پىكرىدە بولۇپ، مەسىلەن: مۇھەممەد ئەھمەد ئەلئەدەۋى ئۆزىنىڭ ”نۇتۇق ۋە ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ ئاچقۇچى“ ناملىق كىتابىدا ئىبنى رۇشدىنىڭ «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» ناملىق كىتابىدىن نەقىل قىلغانلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ھاپىز ئابدۇلئەزىم ئەلمۇنزىرى مۇنداق دېگەنىدى، ساھابىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئەبۇددەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار قاتارلىق بىر گۇرۇپ كىشى ۋاقتى چىقىپ كەتكۈچىلىك قەستەن ناماز ئوقۇمىغان كىشى كاپىر بولىدۇ“ دەپ قارايدۇ.

ساھابىلەردىن باشقا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھۋەي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەننەخەئى، ھەكىم ئىبنى ئەبى شەيبە، زۆھرە ئىبنى ھەرب ۋە باشقىلارمۇ (ئاللاھ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن) ئوخشاش پىكىردە بولغان. (ھاپىز ئەلمۇنزىرىنىڭ ”ئەتتەرغىب ۋە ئەتتەرھىب“ ناملىق كىتابىدىن).

ئۇلاردىن باشقا بىر گۇرۇپ ئىسلام ئالىملىرى، نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلماستىن قەستەن نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ پاسىق بولىدىغانلىقى پىكرىدە بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار نامازنى تەرك قىلغۇچىغا تەزىر جازاسى بېرىش ۋە كىشىلەرگە يامان ئۈلگە بولماسلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنگۈچە قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇش لازىم دەيدۇ.

مەزھەب ئىماملىرى نامازنى قەستەن تەرك قىلغۇچىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى لازىملىقى كۆز قارىشىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەھمەد، ئىسھاق، ئىبنى مۇبارەككە ئوخشاش بىر قىسمى كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىشى كېرەك دەيدۇ. ئىمامى مالىك، شافىئى، ئەبۇ ھەنىپە ۋە سەپداشلىرىغا ئوخشاش بىر قىسمى بولسا ھەد جازاسى سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈش لازىم دەپ قارايدۇ. ئاللاھ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن. (ئىبنى رۇشدىنىڭ «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» ناملىق كىتابىدىن).

ئۆزلىرىنى بىز مۇسۇلمان، دەپ تونۇپ ئىسلامنىڭ رۇكنىلىرىنى ۋە پەرزلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىگەنلەرنى شەرئەت ھۆكمى بويىچە كاپىر ياكى پاسىق، دەپ ئاتاش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ناماز ئوقۇمىغۇچىلارنى گۇناھكار، شۇ گۇناھى بىلەن جەھەننەمگە كەتكۈچىلەر دېگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇھەقتە ئاللاھ تائالا: «بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر!» دەيدۇ. (قەلەم سۈرىسى 35 - 36 - ئايەتلەر)

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى مۇسۇلمانمەن دېگەن گۇناھكار كىشىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:

**كُل نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ * إِلاَ أَصْحَابَ الْيَمِينِ * فِي جَنَاتٍ يَتَسَاءَلُونَ * عَنْ الْمُجْرِمِينَ * مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ * قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلينَ * وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ * وَكُنا نَخُوضُ مَعَ الْخَائِضِينَ * وَكُنا نُكَذبُ بِيَوْمِ الدينِ * حَتى أَتَانَا الْيَقِينُ * فَمَا تَنْفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشافِعِينَ**

«ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر، پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستاسنا، ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن ”سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇلار (جاۋابەن ئېيتىدۇ: ”بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق، بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق، قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگىچە (شۇنداق قىلدۇق)“ شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)». (مۇددەسسىر سۈرىسى 38 دىن 48 - ئايەتلەرگىچە).

ئۇنداق بولغانىكەن، نامازنى تەرك قىلىش ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدىغان، ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىگە يىراقتىن كۆرىنىدىغان دوزاخقا تاشلىنىپ مۇۋاپىق جازا بېرىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. «پەرۋەردىگارىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ». چۈنكى بىر كىشى ئۆز دىنىنىڭ بىر تۈۋرۈكىنى يىقىتسا، پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلسا، جانابى ئاللاھ، توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە خۇش - بىشارەت بەرگۈچى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىغا رازى بولغان پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىقسا، ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەندىن كېيىن، يەنىلا باشتۇڭلۇق ۋە ئاسىيلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ پەرۋەردىگارىغا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتقان بولسا... ئۇنداق كىشىگە قارىتا بۇ ھۆكۈم ھەرگىزمۇ كۆپ ئەمەس.

ئەگەر ئۇ كىشى ئۆز - ئۆزى بىلەن ئازراق ھېسابلىشىپ باقسا، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ نامازنى تەرك قىلىش ئارقىلىق ئىسلام چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قۇرئان كەرىمدىكى ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكىگە ئوخشاش ھەدىس شېرىپلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئادىل ھۆكۈمگە قارشى چىقىش ھەققى يوقلۇقىنى بىلىپ يېتەتتى.

بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

**عرى الإسلام، وقواعد الدين ثلاثة، عليهن أسس الإسلام، من ترك واحدة منهن فهو با كافر حلال دم: شهادة أن لاإلــه إلا الله، والصلاة المكتوبة، وصوم رمضان**

”ئىسلامنىڭ تۈتقۇچى ۋە دىنىنىڭ ئاساسى ئۈچ بولۇپ، ئىسلام دىنى شۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. كىمكى ئۇلاردىن بىرىنى تەرك قىلسا، ئۇ تۈپەيلى (ئۇنىڭ) قېنىنى تۆكۈش ھالال بولىدىغان شەكىلدە كاپىر بولىدۇ. ئۇلار، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش، پەرز ناماز (لارنى ئوقۇش) ۋە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش“. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ھەرقانداق بىر نەرسىگە مەنسۇپلا بولۇپ قويۇش، مەنسۇپ بولغان ئىشنىڭ تەلىۋىگە لايىق ھەرىكەت قىلمىغۇچە ئۇ مەنسۇپلۇقتىن ئۈمىد قىلىنغان پايدا مەنپەئەت ئەمەلىيلەشمەيدۇ. بىز تۆۋەندە بۇنىڭغا بەزى مىساللار بېرىپ ئۆتىمىز:

مىساللار

1- سىز بىر ئىدارىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىدارىدا بىر خىزمەتكە تەيىن قىلىنىسىڭىز، قاچان سىزنىڭ ئۇ ئىدارىنىڭ بىر خىزمەتچىسى دەپ ئاتىلىشىڭىز ۋە سىزگە بەلگىلەنگەن مائاشنى ئېلىشىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن

بولىدۇ دەيسىز؟ مەقسەت سىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشقا قول تىقىپ، ئىدارە باشلىقلىرىڭىزغا ئىش باشلاش كۆنىگىزنى خەتلىتىشىڭىز، ئاندىن مائاشنى ئېلىش ئۈچۈن ئاي ئاخىرىغىچىلىك ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز لازىم ئەمەسمۇ؟ مۇبادا تەيىن قىلىنغان خىزمەتكە باشلىمىسىڭىز ياكى باشلىسىڭىزمۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرمىسىڭىز ئىدارە سىزگە قارىتا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مائاشىڭىزنى بىرەرمۇ؟ تەبىئىكى سىزنى ئىشقا ئېلىشقا ئىدارىنىڭ قارارى چىققان تەقدىردىمۇ، قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سىزنى ئىدارىدىن ھەيدەش ئەڭ قولاي ئىشلاردىن بىرىدۇر.

2 ـ ئەگەر سىز بىر ئىنىستىتۇتتا ياكى بىر مەكتەپتە ئوقۇغۇچى بولسىڭىز، سىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى دەرسلەرگە قاتنىشىش، مۇنتىزىم ھالدا داۋاملاشتۇرۇش ۋە شۇ ئىنىستىتۇت ياكى مەكتەپ ئىدارىسى سىزدىن تەلەپ قىلغان ھەممە نەرسىنى تولۇق تەييارلاش ئەمەسمۇ؟ مۇبادا سىز ئىدارىنىڭ ئەمرىگە باش ئەگمىسىڭىز، ئۇنىڭ سۆزىگە قولاق سالمىسىڭىز، مەكتەپ ياكى ئىنىستىتۇتنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلسىڭىز، ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالالامسىز؟ ياكى ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەمسىز؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئوقۇغۇچىلىقتىن چىقىپ كېتىسىز ۋە بۇ ئوقۇغۇچىلىقنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

3ـ سىز ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، قوشۇنغا بىر ئوفتسىر ياكى ئەسكەر سۈپىتى بىلەن قوشۇلسىڭىز، سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئەسكىرى كىيىملەرنى كېيىپ، قوماندانىڭىزدىن كېلىدىغان ھەرقانداق بۇيرۇققا قولاق سېلىش ۋە قارشىلىق بىلدۈرمەستىن، دەرھال ئىتائەت قىلىش ئەمەسمۇ؟ مۇبادا سىز ئۇ كىيىمنى كېيمىسىڭىز ياكى كىيىمنى كېيىپ قويۇپ قوماندانىڭىزنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلمىسىڭىز ۋە ئەسكىرى ئىنتىزام ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا ئەھمىيەت بەرمىسىڭىز، ئەكسىچە بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە مەنسۇپ بولۇش ۋەزىپىسى سىزگە يۈكلىگەن ئەمرلەرنىڭ ھەممىسگە خىلاپلىق قىلسىڭىز... سىزچە بۇ مەنسۇبلۇقنىڭ باياشاتلىقىدىن بەھرىمەن بولالامسىز؟ ياكى كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئەسكەرلىكتىن ئايرىلىپ بەھرىمەن بولىۋاتقان بارلىق ھەق ـ ھوقۇقلاردىن مەھرۇم بولامسىز؟ مەنچە سىز ئايرىلىدىغانلىقىڭىزغا ھۆكۈم قىلىسىز. چۈنكى سىزنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار خىزمەتكە لاياقىتىڭىز يوق.

سىزنىڭ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇشىڭىزمۇ خۇددى شۇنداق، سىز پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ئاللاھ، دىنىڭىزنىڭ ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىڭىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە رازىلىق بىلدۈردىڭىز. ئۇنداق بولغان ئىكەن سىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى بۇ دىنىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، پەرزلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭ رۇكنىلىرىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداش ۋە سىزنىڭ بەجا كەلتۈرۈشىڭىز تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئەسكەرنىڭ كىيىمىگە ئوخشاش مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولغان نامازدىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئارقىلىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاش ئەمەسمۇ؟

يەنە سىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قولاق سېلىپ، قۇرئان ۋە قۇرئان نازىل قىلىنغان ئۇممەتكە مەنسۇپ بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە بىرمۇ بىر ئەمەل قىلىش ئەمەسمۇ؟

يەنە سىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى پەيغەمبىرىڭىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە مېڭىش، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن يورۇش ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە بىر ـ بىرلەپ ئىتائەت قىلىش ئەمەسمۇ؟ چۈنكى جانابى ئاللاھ سىزنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بويرىغان ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى سىزگە جىكىلىگەن ـ دە.

ئەگەر سىز پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ، پەيغەمبىرىڭىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلسىڭىز، قۇرئان كەرىمنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ ئېتىۋەتسىڭىز، ئىسلامنىڭ تۇتقۇچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ پاچاقلىسىڭىز ۋە ئەڭ ئاخىرىدا نامازنىمۇ تاشلاش ئارقىلىق تامنىڭ ئوق يۈزىگە تەپسىڭىز... سىز بۇنچە ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىشىڭىزنى توغراپ دەپ قارامسىز؟ سىزنىڭ

پەقەتلا مەن مۇسۇلمان دەپ قويىشىڭىز سىزگە پايدا بېرەرمۇ؟ ئەجەبا سىز دىنغا مەنسۇپ بولغان ھالدا قىلىۋېرەرسىزمۇ؟ ياكى ئۇنىڭدىن خالاس بولۇپ، ئايرىلىپ دىن بىلەن ئارىڭىزدا تۇسالغۇ ۋە پەردىلەر مەيدانغا كېلەرمۇ؟

بۇ سۇئاللارغا مېنىڭ، سىزنىڭ ۋە پاك ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىدىكى جاۋابى ئۇچۇق - ئاشكارا ۋە مەلۇمدۇر. «كىشى بىلەن كۆپۈر ئوتتۇرىسىدىكى (نەرسە) نامازنى تەرك قىلىشتۇر. كاپىرلار بولسا زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

## ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش

سىز ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ دائىرىلىك مەغپىرەت قىلغۇچى، بەكمۇ ئەپۇ قىلغۇچى، مەرھەمەت قىلغۇچى، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئۇ رەھمەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق بولۇشى، بولۇپمۇ ئىش - ھەرىكىتى ياخشى بولمىسىمۇ ئاللاھقا قارىتا ياخشى گۇماندا بولغان كىشىلەر ئۈچۈن شۇنداق ئىكەنلىكىگە بولغان ئېتىقادىڭىز خىيال - پىكرىڭىزنى دىن ئىشىنىڭ مەن يۇقىرىدا سىزگە كەلتۈرگەن مەسىلىلەرگا تەتبىقلاشقا بولمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىگە ئېلىپ بارمىسۇن!

شۈبھىسىزكى، مەنمۇ ئاللاھنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكى، كەڭ دائىرىلىك مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكى، رەھمىتىنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى قورشاپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ شەپقەت ۋە كەرەمىنىڭ ئازالمايدىغانلىقى، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سېخىلىق دېڭىزىدىن بىر تامچىنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى نازۇ نېمەت ۋە ياخشىلىق بەرىكەتلىرى بىلەن قورشاپ تورۇشقا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە سىزگە قوشۇلىمەن ۋە سىزنى قوللاپ قۇۋەتلەيمەن.

مەن بۇنى دەۋاتىمەن ھەمدە شۇنداق ئىكەنلىكىگە چىن پۈتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزنى قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى پىكىر - تەپەككۇر قىلىش ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شېرىپلىرىدىن بىر نەرسە چۈشىنىش ئۈچۈن ئازراق مەن بىلەن بىللە بولۇشقىنى ئۆتۈنىمەن. تاكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان ياكى قىلمىغان ۋە ئۈمىدمۇ قىلمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە ھېچ ئويلاپمۇ باقمىغان كىشىلەرگە ھەقسىز تارقىتىلىدىغان ئەرزان بىر نەرسىمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ كۆرۈۋالايلى.

مەنچە ساغلام چۈشەنچە ۋە مەنتىق ئىگىسى بولغان ئەقىل ۋە ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان ئىسلام شەرىئىتى رەھمەتنىڭ ھەممە كىشىگە بېرىلىدىغان بۇنچىۋالا خار ۋە تاشلاندۇق بىر نەرسە بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ! ھالبۇكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرى تۇپەيلى تاغلار ئۆگتەي - توگتەي بولغىلى، ئاسمان يېقىلغىلى ۋە يەر تەۋرىگىلى تاسلا قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار رەھمان تائالاغا تانىدۇ. ئۇنىڭ نازۇ نېمەتلىرىگە نانكورلۇق قىلىدۇ، ئىنسانلارغا زىيان - زەخمەت ۋە زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق نەشتەرلەيدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. ھېچبىر ئەمرگە قولاق سالمايدۇ، ئەكسىچە ھەر نەرسىنى ئۇلار ئەگەشكەن شەرىئەتنىڭ ئەكسىچە قىلىدۇ.

سىز مۇشۇ يوسۇندا ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىي ماقامغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا قانداق قارايسىز؟ شۈبھىسىزكى ئۇلار رەھمەتتىن يىراق بولۇپ، رەھمەت بولسا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ناھايىتى يېقىندۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: وَإِنَّ رَحْمَةَ اللَّهِ قَرِيبٌ مِنَ الْمُحْسِنِينَ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر». (ئەئراف سۈرىسى 56 - ئايەت)

**وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالَّذِينَ هُمْ بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ**

«مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن». (ئەئراف سۈرىسى 156 - ئايەت)

تۆۋەندىكى ھەدىسى قۇدسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇكى، جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: **مأأقل حياء من يطمع في جنتي بغير عمل. كيف أجود برحمتي على من بخل بطاعتي** ”جەننىتىمنى ئەمەل قىلماستىن تاما قىلغان كىشىنىڭ ھاياسى نېمە دېگەن ئاز ھە! ماڭا ئىتائەت قىلىشتا بېخىللىق قىلغان كىشىگە قانداقمۇ رەھمىتىم بىلەن سېخىلىق قىلاي؟“ چۈنكى رەھىم ـ شەپقەتكە پەقەتلا ياخشى گۇمان قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا بۇ ئىماننىڭ تەلەپكە لايىق، ئۇنى تەستىقلايدىغان ئىشلاردۇر. ئىماننى قۇرۇق ئارزۇ بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا (ئىنساننىڭ) نەپسىدە ئورۇن ئالىدىغان، مەھكەم ئورۇنلىشىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلايدىغان ئىشلار بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىمامى بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**«ليس الإيمان بالتمني ولكن ماوقر في النفس، و صدقه العمل، وإن قوما غرتم الأماني حتى خرجوا من الدنيا ولا حسنة لهم، وقالوا: نحن نحسن الظن بالله تعالى، و كذبوا، لو أحسنوا الظن لأحسنوا العمل»**، (ئىمان قۇرۇق ئارزۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ نەپستە ئورۇن ئالغان، ئەمەل ئۇنى تەستىقلىغان نەرسىدۇر. شۈبھىسىزكى بىر مىللەتنى قۇرۇق ئارزۇلار شۇنداق ئالدىدىكى ئۇلار دۇنيادىن ھېچبىر ياخشىلىقسىز ئايرىلىپ كەتتى ۋە ئۇلار مۇنداق دېدى: بىز ئاللاھنى ياخشى گۇمان قىلىمىز، ھالبۇكى ئۇلار يالغان ئېيتتى. چۈنكى ئەگەر ئۇلار ئاللاھنى ياخشى گۇمان قىلغان بولسا ئىدى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغان بولاتتى).

بۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن سىلەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىككىلارنى سورايمەن. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىنتايىن يېقىن ۋە كۆز ئالدىڭلاردا ھازىر بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ئاللاھقا تەۋبە بىلەن قايتىڭ ۋە سەجدە قىلغۇچى ئابىدلار بىلەن بىللە بولۇڭ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىدىن ئىبارەت كۆڭلىڭىز خالىغان نېمەتلەرگە ئېرىشىسىز. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نىجات تېپىش ۋە بەخت سائادەتلىك بولۇشنىڭ يولى شۇدۇر.

ئۇنداق بولسا تەۋبىگە ئالدىراڭ، چۈنكى ئۇنىڭ دەرۋازىسى كىرگۈچىلەر ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇقتۇر. سىز ئاللاھقا ئالدىڭىزنىلا قىلىسىڭىز ئاللاھ سىزگە ئالدىنى قىلىدۇ ۋە سىزگە كۈچلۈك، يېڭىلمەس بىر شەكىلدە ياردەم قىلىدۇ. دىنى ۋەزىپىلىرىڭىزنى ئادا قىلىڭ، ئاللاھقا قەتئىي ئىشەنگەن، قۇلچىلىق قىلغان ۋە سەجدە قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرۇڭ، ئاللاھ سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى مەغپىرەت قىلىپ، خاتالىقلىرىڭىزنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. سىزنى ئۆزىنىڭ رەھمەت قانىتى ئاستىغا ئالىدۇ. سىز ئۈچۈن باغۇ بوستانلار ھازىرلاپ، سىزگە ئەيۋان ـ سارايلار ياسايدۇ. مۇنكەر ئىشلاردىن ساقلاپ جانابى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇشقا ئالدىراڭ.

شۇنىڭدەك، نامازنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان جانابى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئوقۇلغان بىر ناماز بولۇشى ئۈچۈن قۇرۇق ئارزۇ ئارمان ئىگىلىرىگە ئوخشاش بولماڭ، چۈنكى نامازغا كېچىككىنە رىيا ئارىلىشىپ قالغان ھامان، ئوقۇغان نامىزىڭىز باتىل بولىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى بىكارغا كەتكۈزۈۋېتىدۇ.

## قوبۇل بولمايدىغان ناماز

ئەسلىدە ناماز نەپسىنى پاكلاپ، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىنى ھەرخىل گۇناھتىن، يالغانچىلىقتىن تۇسۇپ، ئۇنى كىرلەردىن ۋە نىجاسەتتىن پاكلايدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇيدىغان، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھەقتىن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋالىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىنى بوزۇشقا ئۇرۇنىدىغان ۋە دىنىنىڭ ئىسىل خىسلەتلىرىگە زىت ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان، ھەتتا نامازنى ئىنسانلارنىڭ مەدھى ـ سانالىرىغا ئېرىشىش ۋاستىسى قىلىۋالغان، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان نامىزى بويىرىغان ياخشى ئىشلارغا تۈپتىن زىت كېلىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى يۈگگەن ۋە نامىزى ئۇنى گۇناھتىن توسۇپ قالالمىغان كىشلەرنى كۆرگىنىمىزدە شۇنى بىلىشىمىز كىرەككى، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمىغان باتىل بىر ناماز بولۇپ، ئۇنىڭ نامازلىرى كونا كيىم توپلانغاندەك توپلىنىپ مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن يۈزىگە تاشلىنىدۇ. نامازلىرى ئۇنىڭغا ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. ئۇ نامازلار ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرماستىن، ئەكسىچە بۇ خىل نامازلار ئارقىلىق يىراقلىق ۋە زىياندىن باشقىسى كۆپەيمەيدۇ.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

(من لم تَنْهه صلاتُه عن الفحشاء والمنكر لم يزدد من الله إلا بُعداً)

«ئوقۇغان نامازلىرى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھتىن ساقلاپ قالالمىغان كىشىنىڭ ئاللاھتىن يىراقلىقى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ».

بۇنىڭدىنمۇ يامىنى ئىسلام شەرىئىتى نامازغا ئەھمىيەت بەرمىگەن، تاھارەتنى كامىل ئالمىغان، خۇشۇ ۋە خۇزۇئىنى تولۇق قىلمىغان، رۇكۇسىنى ۋە سەجدىسىنى تەلەپكە لايىق (تەئدىل ئەركان بىلەن) قىلمىغان كىشلەرنىڭ نامازلىرىنى يۈزىگە ئاتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇشەققەت تارتمىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇ كاتتا ئەمەل ئۈچۈن چارچىمىسا باشقا قايسى ئىشتا چارچايدۇ؟

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

(من صلى الصلوات لوقتها وأسبغ لها وضوءها وأتم لها قيامها، وخشوعها وركوعها وسجودها خرجت وهي بيضاء مسفرة. تقول حفظك الله كما حفظتني. ومن صلها لوقتها، ولم يسبغ لها وضوءها، ولم يُتِمْ لها خشوعها، ولا ركوعها، ولا سـجودها، خرجت وهي سوداء مظلمة، تقول: ضيعك الله كما ضيعتني، حتى إذا كانت حيث شاءت لفت كما يلف الثوب الخلق ثم ضرب با وجهه)

«كىمكى نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئالسا، قىيامىنى، خۇشۇ ۋە خۇزۇئىنى، رۇكۇسىنى ۋە سەجدىسىنى تەلەپكە لايىق قىلسا سۈتتەك ئاق بولغان ھالدا نامىزىنى تۈگىتىدۇ ۋە ناماز ئۇنىڭغا ”سەن ماڭا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئاللاھمۇ سېنى مۇھاپىزەت قىلسۇن“ دەيدۇ. كىمكى نامازنى ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ئوقىسا، تاھارەتنى كامىل ئالمىسا، خۇشۇ ۋە خۇزۇئىنى، رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى تەلەپكە لايىق بەرپا قىلمىسا كېچە قاراڭغۇسى كەبى قارامتۇل ھالدا نامازدىن چىقىدۇ. ناماز ئۇنىڭغا: ”سەن مېنى زايا قىلغاندەك ئاللاھمۇ سېنى زايا قىلسۇن دەيدۇ. ھەتتاكى خالىغان ۋاقىتقىچىلىك كونا كىيىمدە توپلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۈزىگە ئۇرۇدۇ».

نامىزى قوبۇل قىلىنغان كىشلەر توغرىسىدا ئوچۇق مەلۇمات بېرىلىدىغان ھەدىسى قۇدسىدە جانابى ئاللاھقا قولاق سېلىڭ ۋە شۇ ئارقىلىق يولدىن ئېزىپ كەتكەن، دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بىر ۋاستە قىلىۋالغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھاجەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن ناماز ئۆتىگەن كىشلەر

ئىبرەت ئالسۇن. ئۇلار نەگىلا بارمىسۇن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئەمدى نامىزى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە قاراپ بېقىڭلار:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**( إنما تقبل الصلاة ممن تواضع بها لعظمتي ولم يستطل على خلقي، ولم يبت مصرا على معصيتي، وقطع النـهار في ذكـري، ورحم المسكين وابن السبيل والأرملة، ورحم المصاب، ذلك نوره كنور الشمس، أكلؤه بعزتي، وأستحفظه ملائكتي، أجعل له في الظلمة نورا، وفي الظلمة نورا، وفي الجهالة حلما، ومثله في خلقي كمثل الفردوس في الجنة)**

«شۈبھىسىزكى، ناماز مېنىڭ كاتتىلىقىم ئالدىدا باش ئېگىپ، مەخلۇقاتلىرىمغا چوڭلۇق قىلمىغان، ماڭا داۋاملىق ئاسىيلىق قىلمىغان مېنى ياد قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزلىرىنى بۆلگەن، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، قېرىنداشلارغا ۋە مۇسىبەتدارلارغا رەھمى ـ شەپقەت قىلغان... كىشىلەردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. شەپقەت ئۇنىڭ نۇرىدۇر، كۈن نۇرىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ مېنىڭ كۈچۈم بىلەن شۇمۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراڭغۇلۇقتا نۇر، جاھالەتتە ھەلىم ـ سەلىملىك ئاتا قىلىمەن. مەخلۇقاتىم ئىچىدە ئۇنىڭ مىسالى جەننەتتىكى پىردەۋسكە ئوخشايدۇ». (بەززار)

## پىچەك دەلىل

بەزى كىشىلەرنى ناماز ئوقۇيلى دەپ چاقىرسىڭىز ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ”دىن نامازدا ئەمەس. مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باركى ئۇلار ناماز ئوقۇيدۇ. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ دىللىرى قاپ ـ قارا، نامازنىڭ تېشىدا قىلىدىغان ئىشى گۇناھتىنلا ئىبارەت، بىزنىڭ بولسا قەلبىمىز پاك، شۇنىڭدەك، بىز دىنىنى ياخشى كۆرىمىز ۋە ئۇنى ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بەكرەك ھۆرمەتلەيمىز ۋاھاكەزا... مانا بۇ ئۇلارنىڭ پىچەك دەلىللىرىدۇر. خۇددى نامازلىرى قوبۇل قىلىنمىغان ئاشۇ ئادەملەر بۇلارنىڭ نەزىرىدە دىنغا ۋە ئەينى ۋاقىتتا نامازغا قارشى دەلىلدۇر.

خۇددى دىن كۆڭۈللەردە دەپنە قىلىنىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك ۋە ھېچ بولمىغاندا دىللىرىدىكى چۈشەنچە ۋە بۇددىنىڭ ھاياتتا جانلىق ئىپادىلىنىشىنى ئىنكار قىلىدىغان ھېچقانداق بىر كۆرۈنۈش يوقتەك!

ئى ئىنسانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللەرنى ئىشلەش ئارقىلىق يېقىنلىشىشقا ۋەسىلە ئىزدەڭلار، مەشغۇلىيەتكە باغلىنىشتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار ۋە ئۆزەڭلار بىلەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆپ ناماز ئوقۇش، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش ئارقىلىق ياخشىلاڭلار.

بىلىڭلاركى، ئىسلام دىنى نامازدىنلا ئىبارەت بولمىغىنىدەك، دىلنىڭ پاكلىقىدىنلا ئىبارەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ھەم ناماز ھەم دىلنىڭ پاكلىقى ھەم مۇھەببەت ھەمدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەم (ئاللاھ ئۈچۈن) قىيامدا تۇرۇش ھەمدە ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. ھەم سېخىلىق ھەم ھەج ھەم شاھادەت ئېيتىش ھەم زاكات ھەم ئىبادەت ھەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەمدە ھەممە ئىشلارنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر.

جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: **فَادْعُوا اللهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الـدِينَ** «دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار...». (غاپىر سۈرىسى 14 ـ ئايەت)

يەنە ئىسلام دىنى قوماندانلىق ھەم ئىبادەتتۇر. ھەم قۇرئان كەرىم ھەم قېلىچنى قولغا ئېلىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەم ئىماندۇر. ھەم ئىلىم ھەمدە ئەمەلدۇر. ھەم ھەلىم ھەم تەمكىنلىكتۇر. ھەم جەننەت ھەم جەھەننەمدۇر. ھەم ئىتائەت ھەم ھۆرمەت ھەم جامائەت ھەم ئىنتىزامدۇر.

ئىسلام ئايرىلماس بىر پۈتۈن بولۇپ، پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قۇرئاننىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىشەنمەسلىكى جائىز بولمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ھەم ئىشىنىشنى ھەمدە بۇ ئىماننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەممىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار. كىمكى تەۋبە قىلسا، جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. رەھىم ـ شەپقەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا يۈزلەنگەن كىشىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى نېمە دېگەن كەڭرى ھە! ئۇنداق بولسا سىلەر راھەت ۋە ئارامىڭلاردا بولغان ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنى تونۇڭلار تاكى ئاللاھ سىلەرنى قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقتىڭلاردا تونۇسۇن. نىجاتلىققا ۋە ياردەمگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن دىنىڭلارغا قايتىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇڭلاركى، قۇرئان سىلەرگە (ئاخىرەتتە ئەسقىتىدىغان) زاپاس بايلىق، نۇر ۋە يورۇقلۇق بولسۇن. يەنە سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نۇرغا ئەگىشىڭلار، جانابى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى ئاۋات قىلىڭلار، پانى بولسىمۇ دۇنيادىكى نەسىۋەڭلارنىمۇ ئۇنۇتماڭلار، دۇنيالىق ئىشلار ئويۇن ـ چاقچاقتىن ئىبارەتتۇر، خالاس.

ئاللاھ سىلەرگە ئېھسان قىلغاندەك سىلەرمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلىڭلار، زېمىندا بوزۇقچىلىق ۋە پىتنە ـ پاساد چىقارماڭلار، نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇڭلار، زاكىتىڭلارنى بېرىڭلار ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار. ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار ۋە جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار. شۈبھەسىزكى، سىلەرنى ئەڭ چوڭ جىھاد كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئەگەر ئۇ جىھادنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن، سەۋرى ـ تاقەت قىلىش بىلەن ۋە ھازىرلىنىش ئارقىلىق قارشى ئالمىساڭلار، پات ـ يېقىندا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۆزىمىزگە تۇتۇق بولۇپ قېلىپ (ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي) بىز زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز. شۇڭا ئاللاھتىن (يەنى ئۇنىڭ ئازابىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن) قورقۇڭلار.

وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِكُمْ وَجَنَةٍ عَرْضُهَا السمَاوَاتُ وَالأَرْضُ أُعِدتْ لِلْمُتَقِينَ * الذِينَ يُنفِقُونَ فِي السراءِ وَالضراءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنْ الناسِ وَاللهُ يُحِب الْمُحْسِنِينَ

«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ». (ئالى ئىمران سۈرىسى 133 - 134 - ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئەڭ توغرا يولغا باشلىسۇن، بىزنى تائەت ـ ئىبادەتلەر (دىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر) گە قارىتا چىداملىق بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. كۆڭۈللىرىمىزنى ناماز بىلەن خوش قىلسۇن، بىزگە (مەغلۇبىيەتسىز) چوڭ ياردەم قىلسۇن. ئىسلام دىنىغا غالىبىيەت ۋە ئىززەت ـ شەرەپنى قايتىدىن ئاتا قىلسۇن ۋە بۇ دىن ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرسۇن. جانابى ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ئىگە ۋە نېمە دېگەن ياخشى مەدەتكار ھە! بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

## نامازنىڭ ئۇقۇمى توغرىسدا

نامازنىڭ (سالات) ئەسلى ئۇقۇمى ”دۇئا“ دېگەن بولۇپ، بەزى ھەرىكەتلىرىنىڭ نامى بىلەن ”ناماز“ دەپ ئاتالغان. چۈنكى نامازنىڭ بىر قىسمى دۇئا دۇر.

نامازنىڭ ئەسلى ئۇقۇمى ”ئۇلۇغلاش“ دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ ماختالغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانمۇ دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنى نامازنى پەرز قىلىپ، رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە باشقا دىنىي ئىماملار ئەگەشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىستىلاھ جەھەتتىن ناماز دېگەن ۋاقتىمىزدا:

مەخسۇس سۆز ۋە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان، (ئاللاھۇ ئەكبەر) تەكبىرى بىلەن باشلىنىپ، (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ) سالامى بىلەن تۈگەيدىغان، ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ نۇرى ۋە كۆرسەتمىسگە بىنائەن بارلىق مۇسۇلمانلار مېڭىپ كەلگەن ئالاھىدە تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن ئوقۇلىدىغان بىر ئىبادەت كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنىڭ دۇئا ۋە ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت لۇغەت مەنىسى ساقلىنىپ كەلدى. بىزنىڭ تەشەھھۇدتا ئوقۇيدىغان (ئەسسەلاتۇ لىللاھى) سۆزىنىڭ ئۇقۇمى بولسا، «ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلىنىشقا لايىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى ئۇلۇغلىنىشقا لايىق بولمايدىغان دۇئالار پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن بولىدۇ.

نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوللايدىغان:

«اللهم صلى محمد — ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد...» دۇرۇتلىرىمىزنىڭ مەنىسى بولسا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنيادا ئۇنىڭ نامى - شەرىپىنى ئۈستۈن قىلىش، دەۋىتىنى غالىب قىلىش ۋە شەرىئىتىنى قىيامەتكىچە داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلۇغلىغىن. ئاخىرەتتە بولسا، ئۇنى ئۈممىتىگە شاپائەتچى قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىش ئارقىلىق ئېزىز قىلغىن دېگەن بولىدۇ.

يەنە دېيىلىدۇكى، ئۇنىڭ مەنىسى، ئاللاھ بىزنى ئۆزىنىڭ تاللىغان بەندىسى ۋە ئەلچىسىگە دۇرۇت (دۇئا) يوللاشقا بۇيرىسىمۇ بىز ئۇ ئەمرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەچكە ئۇنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىپ «ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەزىز قىلغىن،چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نېمىتىڭ لايىق بولۇپ - بولمايدىغانلىقىنى سەن ئەڭ ياخشى بىلىسەن» دېدۇق. «ئەسسالات» ئاللاھ تەرەپتىن پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىنسا رەھمەت، پەرىشتىلەردىن كەلسە ئىستىغپار، بىزدىن سادىر بولسا دۇئا ۋە كاتتىلاش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)». (ئەھزاب سۈرىسى 56 - ئايەت)

ناماز ئەقىللىق، بالاغەتكە يەتكەن، ئەر - ئايال، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقى يېتىپ كەلگەن ۋە بەرپا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان، نىجاسەتتىن ۋە كىر قاتتىن پاكىز ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئوقۇشى لازىم كەلگەن پەرزى ئەيىندۇر.

ئۆسمۈر باللار بولسا، نامازنى سۆيگەن ھالدا چوڭيىشى ۋە ئۇنى ئوقۇشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر 10 ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ۋە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئاتا ئانىسىغا ۋە تەربىيىلىگۈچىنىڭ سۆزىگە قولاق سالمىسا (يۇمۇشاقراق) ئۇرۇش لازىم. ناماز توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپ ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِن الصلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىندى». (نىسا سۈرىسى 103 - ئايەت).

وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصلاَةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا لاَ نَسْأَلُكَ رِزْقًا نَحْنُ نَرْزُقُكَ وَالْعَاقِبَةُ لِلتقْوَى

«ئى مۇھەممەد! ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر». (تاھا سۈرىسى 132 - ئايەت).

وَأَقِيمُوا الصلاَةَ وَآتُوا الزكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الراكِعِينَ

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار». (بەقەر سۈرىسى 43 - ئايەت).

شۇنىڭدەك نامازنىڭ ئەھمىيىتى، پەرزلىكى، شەكىللىرى ۋە ئۇنى تەرك قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ئىخچام كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە تىلغا ئېلىندى. تېخىمۇ كۆپرەك ھەدىسنى بىلىشنى خالىغانلار ھەدىس كىتابلىرىغا قارىسۇن. چۈنكى ئۇ كىتابلاردا ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىغۇدەك مەلۇماتلار ۋە (دىللەرگە) شىپا (بولغۇدەك ھەدىسلەر) باردۇر.

## نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

نامازنىڭ بىر بۆلۈك شەرتلىرى بولۇپ، بۇ شەرتلەر ئورۇندالماستىن، ناماز ئوقۇش توغرا بولمايدۇ. ئەمما كىشى قاچانكى ئۇ شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداپ بولسا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۇرۇشى جائىز بولىدۇ. مەزكۇر شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. تاھارەت بۇ بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئەۋرەتنى يۆگەش ئەۋرەت بولسا ئەسلىدە چوڭ - كىچىك تاھارەت يەرلىرى بولۇپ، ئەرلەرنىڭ كىندىكنىڭ ئاستىدىن باشلاپ ئالدى - ئارقىسىدىن تىزىغىچىلىك دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بولسا ئەڭ ئەۋزەل ۋە تولۇقراقدۇر. ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى بولسا يۈزى ۋە ئالقىنىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ھەممىسىدۇر.

3. ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىت كىرىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇش توغرا ئەمەس. ئاللاھ خالىسا بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقتىنى شەرىئەت كۆرسەتكەن بويىچە ئايرىم بايان قىلىمىز.

4. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش يەنى مەككەئى مۇكەررەمەدىكى (ئەتراپىدا قان تۆكۈش) ھارام قىلىنغان بەيتۇللاھقا يۈز كەلتۈرۈش.

## تاھارەت

ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت دىنى بولۇپ، يېتەرلىك سۇ بولمىغانلىقتىن زىرائەت ئاز بولىدىغان ۋە چۆلدەرەپ قالغان ئەرەپ يېرىم ئارلىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقي

مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىرىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تارىلىقا چاقىردى. پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىدى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى ئىبادەتنىڭ ئاساسى قىلىپ بېكىتتى:

1ـ دىلنىڭ شەك - شۈبھىدىن، شېرىكتىن، ئازغۇنلۇقتىن، مۇناپىقلىقتىن، رىيادىن، ئاداۋەتتىن، ئۆچمەنلىكتىن، چىدىماسلىق قاتارلىقلارنىڭ كىرلىرىدىن پاك بولىشى بولۇپ، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىشنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. بۇتوغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَعْلَمُ خَائِنَةَ الأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصدُورُ «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ». (غاپىر سۈرىسى 19 - ئايەت).

2ـ بەدەننىڭ كىر قاتلىرىدىن، نىجاسەتتىن ۋە مەينەتچىلىكتىن پاك بولىشى، جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

إن اللهَ يُحِب التوابِينَ وَيُحِب الْمُتطَهرِينَ

«ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلار نى دوست تۇتىدۇ». (بەقەر سۈرىسى 222 - ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مۇنداق دېگەن:

الطهور شطر الإيمان

«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر». (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

مفتاح الصلاة الطهور، وتحريمها التكبير، وتحليلها التسليم - «نامازنىڭ ئاچقۇچى پاكىزلىق، باشلانغۇچى تەكبىر، ئاخىرى بولسا سالامدۇر». (ئەبۇ داۋۇد).

ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرىدە بولسا مۇنداق دېيىلىدۇ:

النظافة من الإيمان

"پاكىزلىق ئىماندىندۇر" پاكىزلىق نامازغا تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، بىرىنچىسى دىل ۋە بەدەننىڭ پاكلىقى، ئىككىنچىسى كىيىم - كېچەكنىڭ پاك بولىشى، ئۈچۈنچىسى ناماز ئوقۇلىدىغان يەرنىڭ پاك بولىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەدەننىڭ پاكىزلىقى سۇ بىلەن بولىدۇ. بۇ سۇ بولسا يامغۇر سۈيى، ئۆستەڭ سۈيى، دېڭىز سۈيى ياكى بۇلاق ۋە قۇدۇق سۇلىرى قاتارلىق تاھارەت ئالغىلى بولىدىغان تەبىئىي سۇلار بولۇپ، تەمى، رەڭگى ياكى پۇرىقى ئۆزگەرمىگەن بولىشى كېرەك. ئەگەر رەڭگى، تەمى ياكى پۇرىقى ئۆزگەرگەن بولسا، مۇقەددەس ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن نىجىس ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئىچىش، ئىستېمال قىلىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ روھىي ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ، دىلى سىقىلىدۇ ۋە كۆڭلى راھەت بولمايدۇ. بۇ خىل سۇلارنىڭ تەن سالامەتلىككىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئىسلام شەرىئىتى تەكىتلىگەندەك، يېڭى مېدىتسىنا ئىلمى بىلەن ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

**بەدەننى نىجاسەتتىن پاكلاش**

بەدەننىڭ پاكلىقى نىجاسەتتىن پاكلىنىش بولۇپ، نىجاسەت ئىككى خىلدۇر:

1- كىچىك تاھارەت قىلىش بولۇپ، تاھارەت ئېلىشنى ۋە (سۇ پاك بولمىغان ياكى سۇ ئىستېمال قىلىسا بولمايدىغان بىر ئۆزرۈ مەۋجۇت بولغاندا) تەيەممۇمنى ۋاجىب قىلىدۇ. بۇ بولسا ئىككى ئورگاننىڭ بىرىدىن پىشەپ ياكى سۈيدۈك ياكى بولمىسا يەل چىقىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

2- چوڭ تاھارەت بولۇپ، بۇ غۇسلىنى ۋاجىب قىلىدۇ. بۇ بولسا يا ئۇيقۇدا ئىھتىلام بولۇش ياكى ئەر - ئايالنىڭ تەناسۇل ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ئارقىلىق بولىدۇ. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا

«ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)» (مائىدە سۈرىسى 6 - ئايەت) يەنە ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان ھەيز ۋە نىپاسمۇ غۇسلىنى ۋاجىب قىلىدۇ.

## تاھارەتنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا

جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاَةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ

«ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار...» (مائىدە سۈرىسى 6 - ئايەت). مانا بۇ ئايەت بىلەن تاھارەت، ئۇنىڭسىز ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان، پەقەتلا تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ناماز ئوقۇش جائىز بولىدىغان قەتئىي بىر پەرز بولدى. تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز باتىل بولۇپ، تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتنىڭ قانداق ئېلىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي بىر شەكىلدە شەرھلىگەن بولۇپ، تۆۋەندە سىزگە تاھارەتنىڭ قانداق ئېلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئالدى بىلەن سۇنىڭ پاك بولىشى كېرەك، ئاندىن سىزنى ناماز ئوقۇشقا لاياقەتلىك قىلىدىغان تاھارەتنىن ئىبارەت پەرزنى ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا نىيەت قىلىسىز. نىيەتنى سۆز بىلەن قىلىشىڭىز ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە جاپا چېكىشىڭىز شەرت ئەمەس. سىزنىڭ نىيەتنى كۆڭلىڭىزگە پۈكىشىڭىز ۋە دىلىڭىز بىلەن پەرز تاھارەتنى ئېلىشقا ئىرادە قىلغانلىقىڭىز كۇپايە. ئاندىن:

"بسم الله الرحمن الرحيم" دەيسىز ۋە ئىككى قولىڭىزنى بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىسىنى ئارىلىغان ھالدا جەينىكىڭىز بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇسىز. ئاندىن قولىڭىزغا سۇ ئېلىپ ئۇنى ئاغزىڭىزغا ئالىسىز ۋە ئۈچ قېتىم ئاغزىڭىزنى چايقايسىز. ئاغزىڭىزنى چايقىغاندا چىشىڭىزنىڭ پاكىزلىقى ئۈچۈن مسۋاك (ياكى چوتكا) ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

## مسۋاك ئىشلىتىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

مسۋاك ئىشلىتىش تەكىتلەنگەن بىر سۈننەتتۇر. ئەگەر مسۋاك ئىشلەتمىسىڭىز چىشىڭىزنى باش ۋە ئىشارەت بارماقلىرىڭىز بىلەن ئۇۋۇلاڭ. مسۋاك توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھەدىسى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

لو لاأن أشق على أمتي لأمرتم بالسواك عند كل صلاة

«ئەگەر ئۈممىتىمگە مالال كېلىپ قېلىشتىن قورقمىغان بولسام، ئۇلارنى ھەرقېتىم ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرىيتتىم» (بۇخارى - مۇسلىم).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم بۇرنىڭىزغا سۇ ئېلىپ مىشقىرىش ئارقىلىق بۇرنىڭىزدىكى نەرسىلەرنى پاكلايسىز. ئاندىن يۈزىڭىزنى ئۈچ قېتىم يۇيۇيسىز ۋە (يۈزىڭىزنى يۇغاندا) سۇنى يۈزىڭىزنىڭ ئەتراپى ۋە زاڭاقلىرىغا قەدەر يەنى يۈزۈڭىزنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزىسىز. ئاندىن ئوڭ قولىڭىزدىن باشلاپ ئىككى قولۇڭىزنى جەينىكىڭىز بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇسىز، ئاندىن قولىڭىزغا سۇ ئېلىپ سۇنى تۆكىۋېتقاندىن كېيىن قولىڭىز بىلەن پىشانىڭىزدىن باشلاپ ئارقا مېڭىڭىزغىچە مەسھى قىلىسىز، ئاندىن پىشانىڭىزغىچە (قولىڭىز بىلەن) قايتۇرۇپ مەسھى قىلىسىز، بىر ئالقىنىڭىز بىلەن بېشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا مەسھى قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولىڭىزغا يېڭىدىن سۇ ئالماستىن (يەنى باشقا مەسھى قىلغان سۇ بىلەن) قۇلاقلىرىڭىزنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا مەسھى قىلىسىز. ئاندىن ئىككى پۇتىڭىزنى ھوشۇقىڭىز بىلەن قوشۇپ ئوڭدىن باشلاپ ئۈچ قېتىم يۇيۇسىز، پۇتىڭىزنى يۇغاندا بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىلىقىنى ئارىلاپ ياخشىراق ئۇۋۇلايسىز. گەدەنگە مەسھى قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچبىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنمىغان.

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كەلىمە شاھادەتنى:

أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله

ۋە شۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:

(اللهم اجعلني من التوابين واجعلني من المتطرين)

«ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغۇچىلاردىن قىلغىن، مېنى پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن» (ئىمام تىرمىزى). تاھارەت ئالغاندا ھەر قايسى ئەزالارنى يۇيۇشتا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەرتىپكە رىئايە قىلىش لازىم.

مانا بۇ سىزنىڭ پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشىڭىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان تاھارەت بولۇپ، بوزۇلۇپ ۋە ياكى سۇنۇپلا كەتمىسە ئۇ تاھارەت بىلەن ئىككى ياكى ئېخىمۇ كۆپ نامازنى ئادا قىلالايسىز.

## ئاياغ (كىيىمى) ئۈستىگە مەسھى قىلىش توغرىسىدا

ئاياغ كىيىمى ئۈستىگە مەسھى قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا ياشاۋاتقان كىشى بىر كېچە - كۈندۈز ئىككى پاي ئاياغنىڭ ئاستىغا ئەمەس ئۈستىگە مەسھى قىلىدۇ. مۇساپىر بولسا ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەسھى قىلىدۇ. لېكىن ئاياغنى كىيىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئۇلاردىن جاپا - مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈندۇر.

## تاھارەتنى سۇندۇردىغان ئىشلار

تاھارەتنى بۇزۇپ ئۇنى يوق قىلىدىغان بەزى ئىشلار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى سادىر بولغاندا تاھارەت بۇزۇلىدۇ ۋە كىشىنىڭ يېڭىدىن تاھارەت ئېلىشى لازىم كېلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1ـ ئالدى - ئارقا مەقئەتلىرىنىڭ بىرىدىن سۈيدۈك، پىشەپ، يەل ياكى تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئاۋازغا ئوخشاش بىر نەرسە چىقسا تاھارەت بۇزۇلىدۇ. ئەمما كىسەللىك تۈپەيلى داۋاملىق كېلىدىغان ئاۋاز ناماز

ئوقۇۋاتقاندا كەلگەن تەقدىردىمۇ كىشىنىڭ تاھارىتىنى بۇزمايدۇ. بۇنداق كىسىلى بار كىشىلەر ھەر ۋاقىت ناماز ئۈچۈن ئايرىم تاھارەت ئالىدۇ.

2- ئۇخلاش، لېكىن ئولتۇرغان يېرىدە ھېچبىر نەرسىگە يۆلەنمەستىن ئۇخلاش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەسىلەن كىشى مەسچىتتە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ مۈگدەپ قالغان بولسا، بۇ مۈگدەش ئۇنىڭ تاھارىتىنى سۇندۇرمايدۇ.

3- ھۇشىدىن كېتىش يەنى ساراڭ بولۇپ قېلىش، مەست بولۇش ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان بىرەر سەۋەب بىلەن ھۇشىدىن كېتىش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

4- شەھۋەت بىلەن قەستەن ئاياللارغا قول تەككۈزۈش.

5- قەستەن يالىڭاچ ۋە ئارىدا ھېچقانداق بىر كىيىم بولماستىن ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىنسى ئەزاسىنى تۇتۇش.

6- ئاغزى تولغۇدەك قەي قىلىش (قۇسۇش).

## غۇسلى توغرىسىدا

غۇسلى پاك سۇ بىلەن بەدەننىڭ ھەممىسىنى يۇيۇش دېمەكتۇر. بەدەننىڭ ھەممىسىگە ۋە چاچلارغا سۇ تۆكۈش بولسا، بەدەننىڭ ھەممىسىنى ۋە بەدەندىكى كىرلارنى پاكىزىلاش ۋە تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولغان يۇيۇنۇش ئارقىلىق بەدەننى جانلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر.

## غۇسلىنى پەرز قىلىدىغان ئىشلار

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا غۇسلى پەرز بولىدۇ:

1 - ئويلاش ئارقىلىق بولسىمۇ شەھۋەت بىلەن ئېتىلغان ھالدا مەنى چىقسا،

2 ــ ئەر بىلەن ئايالنىڭ خەتنىگاھى ئۇچراشقاندا، ئىككى خەتنىگاھ ئۇچراشسا ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسىدىن مەنى چىقمىسىمۇ غۇسلى پەرز بولىدۇ،

3- ئەر - ئاياللار ئىھتىلام بولغاندا، ئىھتىلام بولغۇچى ئويغانغان ۋاقىتتا كىيىمدە ياكى كۆرپىسىدە ھېچقانداق بىر ئەسەر كۆرمىسە ئۇ كىشىگە غۇسلى پەرز بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىھتىلام بولىدۇ. ئەگەر بىر ئايال ئويغانغاندا مەنى كۆرسە غۇسلى پەرز بولىدۇ. كۆرمىسە پەرز بولمايدۇ. چۈنكى ھەدىستە دېيىلگەندەك، سۇ (يەنى مەنى) سۇنى لازىم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەگەر بىر كىشى چۈشىدە ھېچ نەرسە كۆرمىسىمۇ ئويغانغان ۋاقىتتا مەنى ئىزى كۆرگەن بولسا غۇسلى قىلىشى پەرز بولىدۇ،

4- ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولغاندا غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ،

5- يەڭگەن (تۇغۇت ھالىتى) ئاياللار تۇغۇتتىن قىرىق كۈن ئۆتكەندە غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ قېنى قىرىق كۈن توشماستىن توختىغان بولسا، بۇ تەقدىردە يۇيۇنۇپ پاكلىنىدۇ ۋە قىرىق كۈننىڭ توشۇشىنى كۈتمەيدۇ،

6- ئەگەر بىر كىشى يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسا، ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

## غۇسلىنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

بۆيۈك نىجاسەتتىن پاك بولۇش نىيىتى بىلەن سۇنى ھازىرلاپ مۇنچىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىڭىز سۈننەت: قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش، ئەۋرەت جاينى سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇش، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش، لېكىن بۇ تاھارەتتە پۇتىڭىزنى غۇسلىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۇيىسىز (ئەممە تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلۇشمۇ جائىز). ئاندىن چاچلىرىڭىزنى بارماقلىرىڭىز بىلەن ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن بېشىڭىزغا ئۈچ ئۈچ مىقداردا سۇ تۆكسىز ئاندىن سۇ قۇيۇپ بەدىنىڭىزنىڭ قالغان قىسمىغا سۇ تۆكىشىڭىز ۋە بەدىنىڭىزدە سۇ تەگمىگەن يەر قالماسلىقى كېرەك. بەدىنىڭىزنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇۋلاپ چىقىشىڭىز مۇستەھەبتۇر.

شۇنىڭدەك غۇسلى، ئىغىز - بۇرۇننى چايقاش ئارقىلىق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن دېڭىزغا ياكى ئۆستەڭگە ۋە ياكى مۇتلەق ھالەتتە سۇغا چۈمۈلۈش بىلەنمۇ ئادا بولىدۇ. يەنە خەلق مۇنچىلىرىدىمۇ ئادا بولىدۇ. بەدىنىڭىزنىڭ ھەممىسىگە تولۇق سۇ تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا پۇتىڭىزنى يۇيۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتقان ھالدا بەدىنىڭىزنى قۇرۇتۇشقا كىرىشىسىز. غۇسلىدىن كېيىن شۇ دۇئانى ئوقۇشىڭىز سۈننەتتۇر. «اللهم اجعلني من التوابين واجعلني من المتطهرين» (ئى ئاللاھ مېنى تەۋبىسى قوبۇل بولغانلاردىن ۋە پاك بولغانلاردىن قىلغىن).

ئەسكەرتىش:

1ـ غۇسلى قىلغۇچىنىڭ بىر نەرسە بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى لازىم. لېكىن خىلۋەت بىر جايدا ياكى ئەۋرەتنى ياپالايدىغان بىر سۇغا چۆمۈلۈش ئارقىلىق غۇسلى قىلغان كىشى ئالاھىدە بىر نەرسە بىلەن ئەۋرىتىنى ياپمىسىمۇ بولىدۇ

2ـ غۇسلى قىلغۇچىنىڭ ۋە تاھارەت ئالغۇچىنىڭ بىر ئۆستەڭدە بولغان تەقدىردىمۇ سۇنى ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىسراپخورلۇققا كۆنۈپ قالماسلىقى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەيتانغا ئىتائەت قىلىپ ئۆزىنىڭ شەرىئىتى ئارقىلىق ھەر ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇشقا بۇيرىغان رەھمان تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن شەرىئەت بۇنى چەكلىگەن.

### تەيەممۇم

جانابى ئاللاھنىڭ ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا تەكلىپ قىلماسلىقى ئىسلامنىڭ قولايلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلامدا نامازنىڭ رۇكنىلىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇ جەھەتتىن ئىسلام دىنى نامازنى تەرك قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە كىچىكتۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر سەۋەبنى قوبۇل قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىڭىزدەك تاھارەت ئاساسلىق بىر شەرت بولۇپ، سۇ بولسا ھەقىقىي پاكىزلىغۇچى بىر ۋاستىدۇر. ئەگەر سىز ئۆز مەھەللىڭىزدە ياكى سەپەردە بولۇپ، سۇ تاپالمىسىڭىز، ياكى سىزنىڭ سۇيىڭىز بار لېكىن سىز كېسەل ۋە سۇ بىلەن تاھارەت ئالسىڭىز سۇ سىزگە زىيان قىلسا (زىيان قىلىش ئېھتىمالى كەسكىن ۋە كۆپرەك بولۇش شەرتى بىلەن) ياكى سىز كېسەل ئەمەس، ئەمما جۇنۇب بولۇپ قالسىڭىز لېكىن ئەگەر سۇ بىلەن غۇسلى قىلغىنىڭىزدا بەك قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ياكى جاپا مۇشەققەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قورقسىڭىز، بۇنداق ئەھۋاللاردا جانابى ئاللاھ سۇنىڭ ئورنىغا پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىشىڭىزنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ بولسا سىز ئۈچۈن بىر قولايلىق، سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك ۋە

توغرا دىنىڭىزنىڭ رۇكنى (ناماز) غا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتۇر. سىز تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئىنچىكە ئويلانغان ھالدا ئوقۇڭ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَاأَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصلاَةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنتُمْ جُنُبًا فَاطهرُوا وَإِنْ كُنتُم مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنْ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمْ النسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيممُوا صَعِيدًا طَيبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهرَكُمْ وَلِيُتِم نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلكُمْ تَشْكُرُونَ

«ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغان مەسھى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ»، (مائىدە سۈرىسى 6 - ئايەت)

تەيەممۇم، لۇغەتتە قەسد قىلىش دېگەن بولۇپ، ئايەتتە ئۆتكەن "پيد" كەلىمىسى بولسا تۇپراق بىلەن ئېلىنغان تاھارەت دېگەن بولىدۇ. پاكلىق بولسا مۇسۇلماننىڭ پاك بولىشىدۇر. سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىشتىن مەقسەت يۈزىنى ۋە ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرۇش ئەمەستۇر. ئەگەر تەيەممۇم قىلغاندا ئالقانغا ئازراق تۇپا يۇقۇپ قالغان بولسا ئۇنى پۈيدۈەتكەندىن كېيىن تەيەممۇم قىلىڭ.

لېكىن مەقسەت (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ) ھېچقاچان نامازنى تەرك قىلماسلىق ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ناماز ئوقۇماسلىققا كۆنۈپ قالماسلىق ۋە ئۇنى ئادا قىلماقچى بولغىنىدا ھورۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تاھارەت ۋە غۇسلىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىر ئىشنى قىلىشتۇر. شۇ ئارقىلىق جانابى ئاللاھ بىزگە نامازنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا سۇ تاپالمىغان ۋە كېسەل بولۇپ قالغان ھالەتتىمۇ نامازلىرىمىزنى ئوقۇشىمىز ۋە ئادا قىلغاندىمۇ تەلەپكە لايىق ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر يۈرىكىدە (مۇناپىقلىق) كېسىلى بولغان بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە تۇپراق ئىشلىتىش كىشىگە قېيىن كېلىدىغان ۋە توغرا قائىدە يۇسۇنلارغا زىت كېلىدىغان بىر ئىش بولۇپ، كىشىنىڭ (ئىككى كۆزىمۇ بولغان) يۈزىگە تۇپراقنى سۈۋىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش دېسە، ئى مۇسۇلمان! سىز بۇنداق كىشىگە مۇنداق دەڭ:

شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى ئاۋۋال تۇپراقنىڭ پاك - پاكىزە بولىشىنى شەرت قىلغان بولۇپ، بۇ بولسا كۆزىگە كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ زىيانلىق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەيەممۇمدا كۆزگە تۇپا كىرىپ كەتمەيدۇ. شامال ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە ھەركۈنى ئۆزى ئۇچۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇرانلاردا كۆتۈرۈپ كەلگەن تۈرلۈك چاڭ - تۇزان كىرگۈزىدۇ، ئەمما بىر نەرسە بولمايدۇ. ھالبۇكى تەيەممۇم بولسا ئېھتىياجلىق بولغاندا قىلىنىدىغان بىر ئىشتۇر. مۆمىننىڭ كۆڭلى بۇنىڭ بىلەن راھەتلىنىدۇ ۋە بۇنى ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرغان ۋە بۇ قولايلىقنى ھەدىيە قىلغان ۋە قولايلىقنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى قىلغان جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن بۇ ئۇممەتكە بېرىلگەن بىر نېمەت ھېسابلايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

مَا يُرِيدُ اللهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

«ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» (مائىدە سۈرىسى 6 - ئايەت)

## تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى

سۇ تاپالماي سىزگە تەيەممۇم قىلىش پەرز بولۇپ قالغاندا، ساس ۋە قۇمغا ئوخشاش پاك تۇپراق ئىزدەڭ، ئاۋۋال ئىچىڭىزدە تەيەممۇمغا نىيەت قىلىڭ ئاندىن ”بسم الله الرحمن الرحيم“ دەڭ ئاندىن بارماقلىرىڭىزنى تۈز تۇتۇپ، ئالقىنىڭىزنى ئاچقان ھالدا ئالقىنىڭىز نى تۇپىغا قويۇڭ. ئىككى ئالقىنىڭىزنى تۇپراققا سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى كۆرۈپ يوقۇپ قالغان تۇپىلارنى پۈدىۋېتىڭ، ئاندىن ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن يۈزىڭىزنى ۋە ئىككى ئالقىنىڭىزنىڭ تاشقى تەرىپى بىلەن قولىڭىزغا جەينىكىڭىز بىلەن قوشۇپ مەسھى قىلىڭ. مانا بۇ نىڭ بىلەن نامازنى ئادا قىلىسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئالغاندەك بولىسىز.

ئەگەر سىز جۇنۇب بولۇپ قېلىپ سۇ تاپالمىغان بولسىڭىز يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا تەيەممۇم قىلىسىز. بۇ تەيەممۇم سىزدىن جىنابەتنى كۆتىرىۋېتىپ تاھارەتنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ. سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى بولسا ئىچىڭىزدە جىنابەتنىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشىنى نىيەت قىلىسىز ۋە تەيەممۇم قىلغاندا بىسمىللاھ دەيسىز.

تەيەممۇمنىڭ ھۆكمى بولسا تاھارەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئوخشىمايدىغان تەرىپى بولسا سۇ تېپىلغاندا بوزۇلۇپ كېتىشىدۇر. تاھارەتكە ئوخشاشلا سۇنۇپ كەتكۈچىلىك ۋە ياكى سۇ تېپىلغۇچىلىك بىر تەيەممۇم بىلەن خالىغىنىڭىزچە پەرز ۋە نەپلى ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. بەزى مەزھەب ئىماملىرىنىڭمۇ دېگىنىگە ئوخشاش (ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) بىر قېتىم يۈز ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قول ئۈچۈن تۇپراققا قولنى ئۇرۇش ئارقىلىق تەيەممۇم قىلىش ئەڭ توغرىسىدۇر.

## نىجاسەتنى يوقىتىش

ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن پاكىزلىشى لازىم كەلگەن نەرسىلەر بولسا، كىيىم - كېچەك،ناماز ئوقۇلىدىغان يەر ۋە بەدىنىدۇر. ئەگەر بۇلاردىن بىرىگە نىجاسەت يوقۇپ قالغان بولسا ئۇنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكلىشى ۋە نىجاسەتنىڭ دېغىنى يوقىتىشى كېرەك. يوق قىلىنىشى كېرەك بولغان نىجاسەتلەر بولسا، سۈيدۈك، گەندە، ھۆل مەنى، ئەمما قۇرۇق بولسا ئۇۋۇلىۋاتسا بولىدۇ. ئىت ۋە توڭگۇزنىڭ شالۇكى، قان ۋە يىرىڭلاردۇر.

ئاياللارغا نىسبەتەن ھەيزدىن كېيىن ئۇنىڭ (قان) دېغىنى يوق قىلىپ غۇسلى قىلىشى كېرەك. تۇغۇتلۇق ئاياللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىدۇ. ھەيزدار ئاياللاردىن ھەيز مۇددىتى بويىچە ناماز ساقىت بولۇپ، ئوقىيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ئەمما رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋە قايتىدىن تۇتىشى كېرەك. شۇنىڭدەك تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن قىرىق كۈنگىچىلىك ئۇزارغان تەقدىردىمۇ ناماز ساقىت بولىدۇ، لېكىن رۇزا ساقىت بولمايدۇ. (ئەمما قىرىق كۈن توشماستىن قان توختىغان بولسا، قان توختىغان كۈنى غۇسلى قىلىپ ناماز ۋە (رامىزاندا بولسا) رۇزىغا باشلىشى كېرەك).

ئاياللارنىڭ ھەيز ياكى تۇغۇتلۇق ۋاقىتلىرىدا ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا يېقىنلىششى ھارامدۇر. چۈنكى بۇ خىل ھەرىكەت ھەم ئەر ئۈچۈن ھەمدە ئايال ئۈچۈن ئەزىيەت بېرىدۇ. زامانىۋى قورال ۋە توغرا نەزەرىيەلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ دېگەنلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە. بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَيَسْأَلُونَكَ عَنْ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلاَ تَقْرُبُوهُن حَتى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهرْنَ فَأْتُوهُن مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمْ اللهُ إِن اللهَ يُحِب التوابِينَ وَيُحِب الْمُتَطَهرِينَ

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى:"ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسى ئالاقە قىلىش ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار" ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ». (بەقەر سۈرىسى 222 - ئايەت)

## نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ پەرز نامازلارنى ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇشى جائىز ئەمەس. جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

إِن الصلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا موْقُوتًا

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ نامازنى مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلدى» (نىسا سۈرىسى 103 - ئايەت). يەنە ناماز ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم بىر شەكىلدە بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىنىدى. شۇڭا نامازنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى ۋاقىتتۇر. بىز تۆۋەندە نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1- بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى، كېچە قاراڭغۇسىدىن پاشلاپ چىقىدىغان نۇردىن ئىبارەت بولغان ھەقىقىي تاڭ شەرقتىن تۇغقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچىلىكتۇر. كىمكى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىدىن بىرەر رەكئەتنى ئوقۇۋالغان بولسا بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلغان بولىدۇ.

## ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىق توغرىسىدا

ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قىلىپ، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئويغانغان كىشى قەستەن ئۇخلىماسلىق ۋە ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىرىنىپ ھورۇنلۇق قىلماسلىق شەرتى بىلەن نامىزىنى قاچان ئويغانسا شۇ ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى ئويغانغان ۋاقتىدۇر. كىمكى ھورۇنلۇق قىلىپ نامىزىنى قازا قىلسا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق چوڭ زىيان تارتقان بولىدۇ.

2- پېشىنىنىڭ ۋاقتى، قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىگىلگەندىن باشلاپ ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگۈچىلىكتۇر. (تەخمىنەن ئەتتىگەن سائەت 12 دىن باشلاپ كىرىدۇ. لېكىن بۇ سائەت ياز ۋە قىش مەۋسۇملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگىنىدەك، بىر دۆلەت بىلەن باشقا بىر دۆلەت ئارىسىدىمۇ پەرقلىق بولىدۇ).

3- ئەسرنىڭ ۋاقتى، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئىككى ھەسسە ئۇزارغاندا كىرىدۇ. يەنى سىز قولىڭىزغا بىر قەلەم ئېلىپ سايىسىغا قارىغىنىڭىزدا ئۇنىڭ سايىسىنىڭ قەلەمدىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا ناماز ئەسىرنى ئوقۇش پەرز بولۇپ، ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىنى كۈن قىزىلغىچىلىك كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىر ھەدىسقا بىنائەن كىمكى ناماز ئەسىرنى قازا قىلسا ئۇنىڭ باشقا ئىبادەتلىرى بىكارغا كېتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ناماز ئەسىر ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «(بەش ۋاقىت) نامازنى بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى

بىلەن ۋاقتىدا توْلوُق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھوُزوُرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار» (بەقەر سۈرىسى 238 - ئايەت)

4ـ ناماز شامنىڭ ۋاقتى، قوُياش پاتقاندىن تارتىپ، كوْن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنكى قاراڭغوُلوُق چوْشكىچىلىك ئارىلىقتا ئەتراپتا قەپ قالىدىغان كوْن قىزىلى يوقالمىغوُچىلىك بولوُپ، ئوُنىڭ ۋاقتى بەك قىسقىدوُر. شوُ توْپەيلىدىن ئوُنى ئوُقوُشقا قانچىلىك ئالدىرىساق شوُنچە ياخشى بولىدوُ.

5- خوُپتەننىڭ ۋاقتى، كوْن قىزىللىقى يوق بولغاندىن تارتىپ تاڭ ئاتقوُچىلىكتوُر. كىمكى تاڭ ئېتىشتىن بوُروُن خوُپتەننىڭ بىر رەكئىتىنى ئوُقوُۋالسا خوُپتەننى ۋاقتىدا ئوُقوُغان بولىدوُ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوُپتەندىن بوُروُن ئوُخلاشنى ۋە خوُپتەندىن كېيىن (دوُنيالىق) سوْزى قىلىشنى يامان كوْرەتتى. شوُنىڭ بىلەن بىرگە ئىلىم ئوْگىنىش ۋە مەھمان ئوُزوُتوُش ئوْچوْن خوُپتەندىن كېيىن كېچىلىك پاراڭ قىلىشقا روُخسەت قىلغان.

خوُپتەننى كېچىنىڭ ئوْچتەن بىرىگىچە كېچىكتوُروُش پەزىلەتلىك بولوُپ، كېچىكتوُرگىنىدە نامازنىڭ ۋاقتىنى قاچوُروُپ قويوُشتىن ياكى جامائەتنى قولدىن بېرىپ قويوُشتىن قورقسا ئوُنى ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئوُقوُغان ياخشى. مانا ئىسلام دىنى بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى يوُقىرىقىدەك بەلگىلىمە ۋە ئوْلچەملەر بىلەن توختاتقان بولوُپ، ئوُنى ئوْزگەرتىش ياكى مەۋسوُملەرنىڭ ئوْزگىرىشىگە قاراپ خالىغانچە ئوْزگەرتىش موُمكىن ئەمەس. لېكىن سىز ياز ۋە قىش مەۋسوُملىرىدە نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئوْگىنىش ئوْچوْن سائىتىڭىزنى مەسچىتلەردىكى موُئەززىنلەرنىڭ ئەۋازىغا توغرىلىسىڭىز بولىدوُ.

ئىلاۋە:

نامازشام نامىزىغا ئەزان چىققاندا كەچلىك تاماق ھازىر بولوُپ قالغان بولسا، تاماقنى يېگەندىن كېيىن كوْڭلىڭىز خاتىرجەم بولغاندا ئالدىرىماستىن نامىزىڭىزنى ئوُقوُڭ. ھەرگىزموُ كېچىك ياكى چوڭ تاھارىتىڭىز قىستاپ قالغان توُروُغلوُق ناماز ئوُقوُماڭ. چوْنكى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوُنداق ھالەتتە ناماز ئوُقوُشنى مەنئى قىلغان.

## ئاسمان نىداسى

(ئەزان)

ئەزان ئالاھىدە سوْزلەر ئارقىلىق ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش ۋە موُسوُلمانلار جامائىتىنى دوُنيا ـ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا سەۋەب بولىدىغان نامازغا ھازىر بولوُشقا چاقىرىشتوُر.

ئەزان نامازدىن بوُروُن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت بولوُپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ شوُئارلىرىدىن ۋە ئەڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدوُر. ئىسلامدا ئەزان ئوُقوُش ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى يىلى يولغا قويوُلغان بولوُپ، ئوُ تارىختىن باشلاپ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە ـ كوْندوْز ئوْز شەھىرىدە بولسوُن ياكى سەپەردە بولسوُن داۋاملاشتوُرغان، ۋاپات قىلغوُچىلىك ئوُنى ئەمەلدىن قالدوُرغانلىقى ۋە ياكى تەركىتىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر نەرسە دېمىگەن بىر ئىبادەتتوُر. رەسوُلوُللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەزان توغرىسىدا بىر نەچچە ھەدىس بىلەن ئەزان ئوُقوُشقا بويرىغانلىقى ئوْچوْن ۋاجىب ياكى ۋاجىبقا ئوُخشاش بىر ئىبادەت بولوُپ ھېسابلاندى.

## ئەزاننىڭ شەكلى

سەھىھ ھەدىسلاردا بايان قىلىنغان ئەزاننىڭ تېكىستى موُنداق:

**الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر** 4 قېتىم

**أشهد أن لاإله إلا الله، أشهد أن لاإله إلا الله** 2 قېتىم

**أشهد أن محمداً رسول الله، أشهد أن محمداً رسول الله** 2 قېتىم

**حي على الصلاة، حي على الصلاة** 2 قېتىم

**حي على الفلاح، حي على الفلاح** 2 قېتىم

**الله أكبر، الله أكبر** 2 قېتىم

**لاإله إلا الله** 1 قېتىم

پەقەتلا بامدات نامىزىدا مۇئەززىن ”**حي على الفلاح**“ تىن كېيىن ۋە ئاخىرقى (**الله أكبر**) دىن بۇرۇن (**الصلاة خير من النوم، الصلاة خير من النوم** ) نى ئىككى قېتىم دەيدۇ. ئاندىن (**الله أكبر، الله أكبر لاإله إلا الله**،) دەيدۇ.

قاچانكى ئاسمان ئىداسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ياڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسىڭىز يۈرىكىڭىزنىڭ بۇ ئىدانىڭ ئەزىمىتى ۋە ئىدا قىلغۇچىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھالدا ھېس قىلىڭ، سىزنى چاقىرىۋاتقان ياخشىلىق ۋە نىجاتلىقنى ئىسىڭىزگە ئېلىڭ ۋە بىلىڭكى ئاللاھتىن باشقا ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئەرزىمەس بىر نەرسىدۇر. ئەگەر سىز كائىناتتىكى بىر نەرسىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز ھەممىدىن كاتتىسى جانابى ئاللاھتۇر.

مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەن ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭغا قولاق سېلىڭ، چىن قەلبىڭىزدىن ۋە بارلىق ۋۇجۇدىڭىز بىلەن مۇئەززىنىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۆز ئەينىسىنى دەڭ. ئەمما (**حي على الصلاة، حي على الفلاح،** دىنتىن ۋاقتىدا **لاحول ولا قوة إلا بالله، لاحول ولا قوة إلا بالله** ) دەڭ. بۇ توغرىدا بۇخارى رىۋايەت قىلغان رەسۇلى ئەكرەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىغا قولاق سېلىڭ. ئۇ: «مۇئەززىن (**الله أكبر، الله أكبر**) دېگەندە سىلەرنىڭ بىرىڭلار (**الله أكبر، الله أكبر، أشهد أن لاإله إلا الله**) دېگەندە ئۇمۇ (**أشهد أن لاإله إلا الله، أشهد أن محمدا رسول الله**) دېگەندە (**أشهد أن محمدا رسول الله، حي على الصلاة**) دېگەندە (**لاحول ولا قوة إلا بالله، الله أكبر**) دېگەندە (**الله أكبر، لاإله إلا الله** دىنتىندە **(لاإله إلا الله)** نى چىن قەلبىدىن دېسە جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن.

مۇئەززىنگە بۇ رەۋىشتە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىڭ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ۋەسىلە بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەڭ، رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىڭ ۋە ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان كاتتا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ھەر ئەزاندىن كېيىن ئىنسانلارنى يالغۇزلا ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا بارلىق ئىشلاردا تەسەررۇپىنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خالىغان ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى ۋە خالىغاننى تاللايدىغانلىقىنى، ئىنسانلار قانچىلىك يۇقىرى پەللىگە چىقىپ كەتسىمۇ ۋە قانچىلىك كاتتا بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەرىبىر شەپقەتلىك ۋە رەھىملىك ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى، ھەر يەر ۋە ھەر جايدا ئۇنىڭغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە دۇرۇت ئوقۇشنى، دۇئا قىلىش ئارقىلىق كۆرسەتكەن كىچىك كۆڭۈللۈكلىكىگە بىر قاراڭ! ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

(إذا سمعتم المؤذن فقولوا مثل ما يقول ثم صلوا عليّ فإنه من صلى عليّ صلاة صلى الله عليه بـ ـا عشـ ـرا. ثم سـ ـلوا الله لي الوسيلة، فإنا منزلة في الجنة لاتبغي إلا لعبد من عباد الله، وأرجو أن أكون أنا هو، فمن سأل الله لي الوسيلة حلت له شفاعتي)

«مۇئەززىننىڭ (ئاۋازىنى) ئاڭلىغىنىڭلاردا ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ ئۆز ئەينىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئوقۇڭلار. چۈنكى كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت ئوقۇسا ئالالاھ ئۇنىڭغا ئون رەھمەت قىلىدۇ. ئاندىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلە سوراڭلار. چۈنكى ۋەسىلە جەننەتتە بىر يەر بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن پەقەتلا بىرىگە لايىق بولىدۇ ۋە مەن ئۇ كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. كىمكى ئاللاھتىن ماڭا ۋەسىلە سورىسا ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم ھالال بولىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەر ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان (رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان) ئەزان دۇئاسى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، بۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگەتكەن: «اللهم رب هذه الدعوة التامة، والصلاة القائمة، آت محمدا الوسيلة والفضيلة وابعثه مقاما محمودا الذى وعدته» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) بۇنىڭ ئارقىسىدىن «وارزقنا شفاعته إنـك لاتخلف الميعاد» دۇئاسىنى ئوقۇغايسىز.

تەكبىر

مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغاندىن كېيىن تەكبىر بىلەن ئەزاننىڭ ئارىسىدا ئىنسانلار نامازغا ھازىرلىق قىلىپ ئۈلگۈرەلىگۈدەك بىر ۋاقىت كۈتىشى سۈننەت بولۇپ، تەكبىرنى ئەزان ئوقۇغان كىشىنىڭ ئېيتىشى ئەۋزەلدۇر.

تەكبىر ناماز ئۈچۈن كىرەكلىك بولغان بارلىق شەرتلەر تولۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. قاچانكى پۈتۈن شەرتلەر ئورۇندىلىپ، نامازغا ھازىر بولغاندا ئۆرە تۇرغان ھالدا قىبلىگە ئالدىنى قىلغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

تەكبىرنىڭ قانداق ئېيتىلىشى

تەكبىر توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋيەت بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى سەھىھتۇر.

1ـ باشتىكى ۋە ئاخىرىدىكى تەكبىرلەر بىلەن قەدقامەتىسسالات ئىككى قېتىمدىن ئېيتىلىپ، قالغان كەلىمىلەر بىرەر قېتىمدىن ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ ئومۇمي كەلىمىسى ئون ئىككى كەلىمە بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ:

1 - الله أكبر، الله أكبر،

2 ـ أشهد أن لاإله إلا الله

3 ـ أشهد أن محمداً رسول الله

4 ـ حي على الصلاة

5 ـ حي على الفلاح

6 ـ قد قامت الصلاة، قد قامت الصلاة

7 ـ الله أكبر، الله أكبر

8 ـ لاإله إلا الله

2 - باشتىكى تەكبىرلەر بىلەن ئاخىرقى تەكبىرلەرنى تۆت قېتىمدىن (**لاإلـه إلا الله**) نى بىر قېتىم ۋە قالغان كەلىمىلەرنى بولسا ئىككى قېتىمدىن ئوقۇش ئارقىلىق ئېيتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا كەلىمىلەرنىڭ ئومۇمى سانى 17 بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئېيتىلىدۇ:

1 ـ **الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر**

2 ـ **أشهد أن لاإله إلا الله، أشهد أن لاإله إلا الله**

3 ـ **أشهد أن محمداً رسول الله، أشهد أن محمداً رسول الله**

4 ـ **حي على الصلاة، حي على الصلاة**

5 ـ **حي على الفلاح، حي على الفلاح**

6 ـ **قد قامت الصلاة، قد قامت الصلاة**

7 ـ **الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر**

8 ـ **لاإله إلا الله**

ئىلاۋە:

1- مۇئەززىنىنىڭ ئەزاننى كەلىمىلەرنىڭ ئارىسىنى سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئايرىغان ھالدا ئوقۇشى، تەكبىرنى بولسا كەلىمىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساز قىلماستىن تىزراق ئوقۇشى سۈننەتتۇر.

2- ئەزان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش، سەھرادا يالغۇزلا بولغان تەقدىردىمۇ ئەزان نىداسى توۋلىغاندا بارچە ئاۋازى بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشى سۈننەتتۇر.

3- ئەگەر ئۇخلاپ قېلىپ ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ نامىزىڭىز قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، قازاسىنى ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا ئۆزىڭىز ئەزان ئوقۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر قازا نامىزىڭىز بىردىن كۆپ بولسا باشتا بىر قېتىم ئەزان ئوقۇغاندىن كېيىن ھەر نامازغا ئايرىم - ئايرىم تەكبىر ئوقۇپ قازاسىنى ئوقۇشىڭىز مۇستەھەبتۇر.

4 - ئاياللارنىڭ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇشى كېرەك ئەمەس. لېكىن ئوقۇسا زىيىنى يوق. بۇ توغرىدا ئىمامى ئەھمەد (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: " ئاياللار ئەگەر ئەزان - تەكبىر ئوقۇسا ئۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. ئوقۇمىسىمۇ جائىز" يەنە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: "ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇغانلىقى، ئاياللارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكى ۋە سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ"، (ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى)

5 ـ تەكبىرنى ئىشتكۈچىلەرنىڭ مۇئەززىنىنىڭ دېگىنىنىڭ ئۆز ئەينىنى دېگىنىدەك، تەكبىر ئوقۇغان كىشىنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلىشى، پەقەتلا ئەزاندا قىلغىنىدەك (**حي على الصلاة، حي على الفـلاح**)، دېگەندە **لاحول ولا قوة إلا بالله، لاحول ولا قوة إلا بالله، قد قامت الصلاة، قد قامت الصـلاة**) دېگەندە بولسا "ئاللاھ بۇ نامازنى تەلەپكە لايىق قىلسۇن ۋە داۋاملاشتۇرغىلى نىسىپ قىلسۇن" دەيدۇ.

## قىبلىگە ئالدىنى قىلىش

ئىسلام دىنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىك دىنىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىر، پەيغەمبەر بىر، قۇرئان كەرىم بىر، قىبلە بىر ۋە يەرشارىنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلار چىن كۆڭۈللىرى ۋە ئەقىل كۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ سىمۋۆلى، داغدام يولغا باشلىغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

كۆرسەتكەن نۇرنىڭ مەنبەئى بولغان ئۇلۇغ كەئبىگە يۈز كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ مەككە مۇكەررەمەدىكى ئۇلۇغ كەئبىدىن ئىبارەت بولغان قىبلىگە ئالدىنى قىلىشى لازىمدۇر. بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنْتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي وَلِأُتِمَّ نِعْمَتِي عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

«(ئى مۇھەممەد!سەپەرگە) قەيەردىن چىقمىغىن، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر قەيەردە بولماڭلار، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار» (بەقەر سۈرىسى 150 - ئايەت)

بەيتۇللاھنى كۆرۈپ تۇرغۇچىنىڭمۇ بەيتۇللاھقا ئالدىنى قىلىشى لازىمدۇر. ئۇنى كۆرمىگۈچىلەر بولسا كەئبە تەرەپكە ئالدىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلالايدىغىنى شۇ بولۇپ، جانابى ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرىمايدۇ. بۇرۇنقى ئالىملىرىمىز ھەر دۆلەتنىڭ قىبلىسىنى تەيىن قىلىپ، مەسجىدلەرنىڭ مېھرابلىرىنىمۇ شۇ تەرەپكە ياساتقۇزغان. شۇنىڭدەك قىبلىنى كومپاس ياكى قىبلىنامە دەپ ئاتىلىدىغان سايمان بىلەن ياكى بولمىسا كېچىدىكى قۇتۇب يۇلتۇزى بىلەن تەيىن قىلىش ئىمكانىمىزمۇ باردۇر. شۇ بويىچە، مەسىلەن، ئەگەر سىز شىمالىي ئىراقتا بولۇپ، يۇلتۇزغا ئارقىڭىزنى قىلسىڭىز قىبلە جەنۇب تەرەپكە كېلىدۇ. ئەگەر باغداد ئەتراپىدا بولسىڭىز تېخىمۇ ئۇڭاي تاپالايسىز. بۇ قېتىم يۇلتۇزنى ئوڭ قولىڭىز تەرەپكە قويۇپ قارايدىغان بولسىڭىز قىبلە غەربىي جەنۇبتا بولىدۇ. بەسرەدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن غەربكە كۆپراق ئېگىلىدۇ.

## قىبلىنى بىلەلمەي قالغان كىشىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بىر كىشى بۇلۇتلۇق ھاۋا ياكى قاراڭغۇلۇق تۈپەيلىدىن قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالسا، ئۇ كىشىنىڭ قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويالايدىغان بىرىدىن سورىشى كېرەك. ئەگەر سورىغۇدەك بىرسىنى تاپالمىسا قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما يەنىلا تاپالمىسا ئويلىنىش ئارقىلىق تەخمىن قىلغان تەرەپكە قاراپ نامىزىنى ئوقۇيدۇ. بۇ رەۋىشتە ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى توغرا بولۇپ،نامازنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى نامايەن بولسىمۇ نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ئەگەر خاتا تەرەپكە قارىغانلىقىنى ناماز ئوقۇۋېتىپ بىلسە نامىزىنى بۇزماستىن توغرا قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

ئەگەر قىبلىنىڭ قايسى تەرەپكە كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كاللا قاتۇرغاندىن كېيىن قىبلە مۇشۇ تەرەپتە بولىشى مۇمكىن، دەپ كۆڭلىڭىزدە بىر پىكىرگە كەلگەن تەرەپكە قاراپ نامازغا تۇرغىنىڭىزدا، سىزنى بىراۋ كۆرۈپ، سىزدىن يۈزلىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلغان تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”پالان تەرەپكە ئالدىڭىزنى قىلىڭ“ دېسە دېگىنىدەك قىلىڭ. بۇرۇلۇش ۋە بۇ ھەرىكەت تۈپەيلىدىن نامىزىڭىز بوزۇلمايدۇ.

بۇ توغرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىنسانلار بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن قۇبا دېگەن يەرگە چۈشكەن ئىدى. شۇ پەيتتە بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى: ”شۈبھىسىز بۇ كېچە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىپ، كەئبىگە ئالدىمىزنى قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇڭا كەئبىگە ئالدىڭلارنى قىلىڭلار. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىرى سۈرىيە تەرەپكە قارىۋاتاتتى، يۇقىرىقى ۋەھيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال كەئبىگە ئالدىنى قىلىشتى“. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەگەر بىراۋ ئۇزۇن مۇددەت قىبلىنى بىلەلمەي قالسا، ھەر ۋاقىت نامازغا ئايرىم ـ ئايرىم قىبلىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر قىبلە توغرىسىداپىكرى ئۆزگەرسە كېيىنكى پىكرىگە ئاساسەن ناماز ئوقۇيدۇ ۋە بۇرۇن ئوقۇغان نامازلىرىنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

## قانداق چاغدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش ساقىت بولىدۇ؟

قىبلىگە ئالدىنى قىلىش پەرزدۇر. لېكىن بۇ بەزى ئەھۋاللاردا ساقىت بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار تۆۋەندىكىلەر:

1ـ خەۋىپ ئىچىدە قالغان كىشىنىڭ، بىر يەردە مەجبۇرىيەت ئاستىدا قالغان كىشىنىڭ ۋە كېسەللەرنىڭ قىبلىگە تەلتۈكۈس ئالدىنى قىلالمىسا باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئوڭاي بىر دىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

(إذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ماستطعتم) «سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام ئۇنى كۈچۈڭلەرنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداشقا تىرىشىڭلار» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى). يەنە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: وَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا «قىبلىگە ياكى باشقا تەرەپكە ئالدىنى قىلغان ھالدا....»، (بەقەر سۈرىسى 239 ـ ئايەت).

2ـ ئۇلاغقا مىنگۈچى نەپلى ناماز ئوقۇماقچى بولسا، رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئىشارەت بىلەن قىلغان ھالدا ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشى جائىز بولۇپ، رۇكۇسى سەجدىسىدىن تۆۋەنراق بولىدۇ. قىبلىسى بولسا ئۇلاغ ياكى ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان ۋە پاراخۇت... قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقان بولسا ئۇنىڭ قىبلىسىمۇ شۇ تەرەپتۇر. ئەگەر مۇمكىن بولسا نامازنى باشلىغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلغان ھالەتتە باشلاپ ئاندىن ماشىنا قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولسا شۇ تەرەپكە قاراپ ئوقۇۋېرىدۇ.

ئىمامى ئەھمەد، تىرمىزى ۋە مۇسلىملار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۇلۇغىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقان تەرەپكە قارىغان ھالدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ «قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ئۇ يەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە ئىختىيار قىلغان) قىبلىسىدۇر». (بەقەر سۈرىسى 115 ـ ئايەت). رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەپلى نامازلاردا شۇنداق قىلاتتى. بىراق پەرز نامازلاردا بۇنداق قىلمايتتى.

## نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بىز يۇقىرىدا نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن قىلىشىمىز لازىم بولغان، رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تەتبىقلىنىپ كەلگەن بىر بۆلەك كىشلارنى تونۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى نامازنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىشىمىز ۋەنامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىمىزنى تونۇپ ئۆتەيلى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاھارەت، ئەۋرەتنى يېپىش،نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىشى قاتارلىق نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، قىبلىگە ئالدىڭىزنى قىلىسىز ۋە چىن قەلبىڭىزدىن ئاللاھقا يۈزلىنىسىز. نىيەت ۋە ئەمىلىڭىزنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھالدا ئۇلۇغ ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا نىيەت قىلىسىز.

كۆڭلىڭىزنى ھازىر قىلىڭ ۋە رەببىڭىزدىن قورققانلىقىڭىزنى ھېس قىلىڭ، چۈنكى سىز ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقماقچى ئەمەسمۇ؟ يەنە سىز جانابى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە چوڭلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، چۈنكى سىز تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىز قەدەر قورقىشىڭىز كېرەك، ئاندىن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىڭ:

1- نامازغا "الله أكبر" دىن ئىبارەت تەكبىر تەھرىمە بىلەن باشلايسىز ۋە تەكبىر بىلەن بىرگە قولىڭىزنى ئىككى قولىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتىرىسىز.

2- ئاندىن ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويىسىز ۋە ئىككىسىنى بىرلىكتە كىندىكىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويىسىز.

3- ئاندىن كېيىن ئاللاھقا يۈزلىنىش ۋە باشلاش دۇئالىرىنى قىلىسىز. سىز بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنىڭ تەكبىر تەھرىمەدىن كېيىن، قىرائەتتىن بۇرۇن قىلغان ۋە نامازنى ئۇلار بىلەن باشلىغان دۇئالىرىدىن خالىغىنىڭىزنى قىلسىڭىز بولىدۇ. تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازلىرىدا قىلىدىغان دۇئالىرىدىن ئۈچ دۇئانى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. سىز ئۇلاردىن بىرىنى يادلىۋېلىپ، ھەر ۋاقىت پەرز ياكى سۈننەت ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا شۇ دۇئانى ئوقۇش ئارقىلىق نامازغا تۇرغايسىز.

بىرىنچى دۇئا: "**سبحانك اللهم، وبحمدك، وتبارك اسمك، وتعال جدك ولاإلـه غـيرك**" (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).
ئىككىنچى دۇئا: "**اللهم باعد بيني وبين خطاياي كما باعدت بين المشرق والمغرب، اللهم نقني من خطايـاي بالمـاء والـثلج والبرد**". (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى) ئۈچىنچى دۇئا: "**اللهم وجهت وجهي للذي فطر السموات والأرض حنيفا مسلما وما أنا من المشركين، إن صلاتي ونسكي ومحياي ومماتي لله رب العلمين لاشريك له، وبذلك أمرت وأنا من المسلمين**".

بىز مۇشۇ ئۈچ خىل دۇئانى بىرىش بىلەن كۇپايە قىلىمىز. ئەگەر بىر كىشى ھەدىستا كۆرسىتىلگەن دۇئالارنى تولۇق ئوقۇيمەن دېسە، بىلسۇنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئوقۇيدىغان (نەپلى) نامازلىرىدا شۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: "**أللهم أنت الملك لاإله إلا أنت، أنت ربي وأنا عبدك، ظلمت نفسي، واعترفت بذنبي فاغفرلي ذنوبي جميعـا، إنـه لايغفر الذنوب إلا أنت، وأهدني لأحسن الأخلاق، لايهدي لأحسنها إلا أنت واصرف عني سيئاتنا، لايصرف عني سيئها إلا أنت، لبيك و سعديك، والخير كله في يديك والشر ليس إليك، وأنا بك وإليك، تباركت وتعاليت أستغفرك و أتوب إليـك**" (ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

4- دۇئا بىلەن نامازنى باشلىغاندىن كېيىن، قىرائەتتىن بۇرۇن "**أعوذ بالله مـن الشـيطان الـرجيم**" دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيدۇ. بۇ پاناھ تىلەش پەقەتلا بىرىنچى رەكئەتتە بولۇپ، قالغان رەكئەتلەردە بىسمىللاھ يېتەرلىكتۇر. "**أعوذ**" دىن كېيىن "**بسـم الله الـرحمن الـرحيم**" دېيىلىدۇ.

5- ئاندىن مەنىسىنى ئويلىغان ۋە پىكىر تەپەككۇر قىلغان ھالدا پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيسىز. (**بِاسْـمِ اللـهِ الرحْمَان الرحِيمِ(1) الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ(2) الرحْمَان الرحِيمِ(3) مَالِكِ يَوْمِ الدينِ(4) إِياكَ نَعْبُدُ وَإِيـاكَ نَسْـتَعِينُ(5) اهْـدِنَا الصرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ(6) صِرَاطَ الذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضالينَ(7)**) ئىمام بولسۇن، ئىقتىدا قىلغۇچى بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن ھەر بىر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ "**وَلاَ الضـالينَ**" دىن كېيىن "ئامىين" دېيىشى سۈننەت بولۇپ، جەھرى ئوقۇلغان نامازلاردا ئۈنلۈك، مەخپىي ئوقۇلغان نامازلاردا بولسا مەخپىي دېيىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرى مۇئتەقى مۆمىنلەرنىڭ ئاغزىدىن ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چىققان "ئامىين" نىدالىرى بىلەن راۋاج تېپىپ زىلزىلىگە كېلەتتى."ئامىين" دېگەن بىر دۇئا بولۇپ مەنىسى: (ئى ئاللاھ! ئىجاۋەت قىلغىن) دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

6- سۈرە پاتىھەدىن كېيىن **والعصر.... إذا جاء نصر الله... قل هو الله أحد... قل أعوذ برب الفلق....** كە ئوخشاش قىسقا سۈرىلەردىن بىر سۈرە ياكى قۇرئاندىن ئۈچ ئايەت مىقدارى ياكى كۆپراق ئوقۇشى سۈننەت بولۇپ، بۇ قىرائەتتە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىدە، جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىدە، پىشىنىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتىدە، ئەسىرنىڭ ۋە ناماز شامنىڭ ۋە خۇپتەننىڭ پەرزلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتىدە ۋە بارلىق نەپلى (سۈننەت) نامازلاردا سۈننەتتۇر.

7 ـ پاتىھە ۋە ئارقىسىدىن ئوقۇلىدىغان سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن رۇكۇغا بارىسىز. رۇكۇدا ئىككى قولىڭىزنى تىزغا ئۇزاتقان ھالدا بېشىڭىزنى ئېگىشىڭىز ۋاجىب بولۇپ، ئاجىزلىقنى ئىپادىلەپ بېشىنى رۇس تۇتۇش، بېقىندىن يىراق تۇتۇش بىلەن بىرگە ئىككى قول بىلەن تىزغا تايىنىش، تىزنىڭ ئۈستىگە قولنى قويغاندا بارماقنى ۋە پۇتنى ئېچىش ۋە كۆكسىنى كېرىپ تۇرۇش سۈننەتتۇر. رۇكۇدا تۆۋەندىكى دۇئالار بىلەن ئاللاھنى زىكرى قىلىسىز (ياد قىلىسىز): «**سبحان ربي العظيم**» ئۈچ قېتىم. (ھەممىدىن كاتتا بولغان پەرۋەردىگارىمنى نوقسان سۈپەتلەردىن پاكلايمەن).

8 - ئاندىن رۇكۇدىن قوپۇپ راۋرۇس ھالدا ئۆرە تۇرىسىز ۋە مەيلى ئىمام بولۇڭ مەيلى ئىقتىدا قىلغۇچى بولۇڭ ۋە ياكى ئۆزىڭىز يالغۇز ناماز ئوقۇپ رۇكۇدىن تۇرغان ۋاقتىڭىزدا: «**سمـع الله لمـن حمـده**» (ئاللاھ ئۆزىنى ئۇلۇغلىغانلارنى ئىشتكۈچىدۇر) دەيسىز. قىيامدا راۋرۇس تۇرغاندىن كېيىن بولسا، «**ربنـا ولـك الحمـد**» (ئى پەرۋەردىگارىمىز! بارلىق مەدھىيەلەر ساڭا خاستۇر) دەيسىز. بۇلار بولسا رۇكۇدىن ئۆرە تۇرغان ۋاقتىدا دېيىلىدىغان ئەڭ قىسقا ھەمدۇ سانا شەكلى بولۇپ، سەھىھ ھەدىسلەردە سابىت بولغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭدىن كۆپراقنى ئوقۇش مۇستەھەب (ياخشى) دۇر. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر: «**سمع الله لمن حمده ، ربنا ولك الحمد، حمدا كثيرا، طيبا، مباركا فيه**» (بۇخارى رىۋايىتى)

يەنە بىرى: «**سمع الله لمن حمده ، ربنا ولك الحمد ملء السموات والأرض وما بينهما، ملء ما شئت مـن بعـد**» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

9 - رۇكۇدىن تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولىڭىزدىن بۇرۇن تىزىڭىزنى يەرگە قويغان ھالدا سەجدە قىلىسىز. ئەگەر بۇنى قىلىش سىزگە قىيىن كەلسە ئىككى پۇتىڭىزنى يەرگە قويۇشتىن بۇرۇن ئىككى قولىڭىزنى يەرگە قويۇشىڭىزنىڭ ھېچقانداق بىر زىيىنى يوق. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن قولايلىق دىنى بولۇپ، بەزى ئىماملار بۇنى جائىز دەپ قارايدۇ. ئاندىن ئىككى قولىڭىزنى، ئاندىن ئىككى يۈزىڭىزنى ۋە بۇرنىڭىزنى يەرگە قويىسىز. ئىككى قولىڭىزنى ئۇزاتقاندىن كېيىن ئالقىنىڭىزنى يەرگە قويىسىز، ئىككى ئالقىنىڭىزدىن كېيىن يۈزىڭىزنى قويىسىز. سەجدىدە بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىلىقىنى ئاچماستىن يۇمۇپ، تەبىئى ھالىتىدە تۇتىسىز، سەجدە قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئىككى پۇتىڭىزنى تىكلەيسىز ۋە ئۇلارنى يەردىن كۆرتۈرمەستىن بارماقلىرىڭىزنى يەرگە چاپلىغان ھالدا ئۇچلىرىنى قىبلىگە قارىتىسىز. لېكىن سەجدىدە پۇتىڭىزنىڭ ئۈستىنى يەرگە چاپلاپ تۇرماسلىقىڭىز كېرەك. سەجدىدە ھەقىقى مەنىسى بىلەن ئاللاھتىن قورقۇڭ، پەرۋەردىگارىڭىزغا يېقىنلاشقانلىقىڭىزنى ئويلاڭ ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىم: ”سبچان ربي الۆىلۈ“ دەڭ.

يۇقىرىقى دۇئانى قانچىدىن قانچە كۆپ ئوقۇسىڭىز ئوقۇڭكى ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن كەم ئوقۇماڭ. ئون قېتىمغىچىلىك ئوقۇشىڭىز مۇستەھەب ھېسابلىنىدۇ.

يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسگە بىنائەن سەجدىدە تەسبىھ بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن خالىغان دۇئالارنى قىلىش مۇستەھەبتۇر: ”بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر. شۇڭا (سەجدىدە) كۆپ دۇئا قىلىڭلار“، (مۇسلىم رىۋايىتى)

سەجدىدە قىلىنىدىغان دۇئالار

**1- اللهم سجدت وبك آمنت ولك أسلمت، سجد وجهي للذي خلقه فصوره، فأحسن صوره فشق سمعه وبصره فتبارك الله أحسن الخالقين.**

**2ـ رب أعط نفسي تقواها، وزكها أنت خير من زكاها أنت وليها ومولاها.**

**3ـ اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك، و أعوذ بمعافاتك من عقوبتك، وأعوذ بك منك لاأحصي ثناءا عليك أنـت كمـا أثنيت على نفسك.**

**4ـ اللهم اغفرلي خطئتي، وجهلى وإسرافى في أمري وما أنت أعلم به مني، اللهم اغفرلي جدي وهزلي وخطئـي، وعمـدي وكل ذلك عندي، اللهم اغفرلي ما قدمت وما أخرت، وماأسررت وما أعلنت، أنت إلهي، لاإله إلا أنت.**

يۇقىرىدىكى دۇئالار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا قىلىدىغان دۇئا شەكىللىرى بولۇپ، بۇ دۇئالارنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر قىسمىنى يادقىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئۈچۈن سەجدە قىلغان ۋاقتىڭىزدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىشلار توغرىسىدا دۇئا قىلغىنىڭىزدەك، ئۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشىڭىز مۇستەھەبتۇر.

10- ناماز ئوقۇغۇچى سەجدىدە ئارام ئالغاندىن كېيىن "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتقان ھالدا سەجدىدىن بېشىنى كۆتىرىدۇ ۋە پۇتىنى يەرگە بىر قويغاندىن كېيىن، ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنى ئوڭ تىزىنىڭ ئۈستىگە، سول قولىنى بولسا سول تىزىنىڭ ئۈستىگە قويغان ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى تىكلەپ ئۇچىنى قىبلىگە قاراتقان ھالدا ئولتۇرىدۇ. بارماقلىرى بولسا تەبىئى ھالەتتە يەنى ئېگىلگەندەك بولۇپ، سەجدىدە ئارام ئېلىشى كېرەك، ئاندىن يەنە "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتقان ھالدا ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ. بۇنىڭ شەكلى ۋە ئوقۇلىدىغان دۇئالىرى بولسا ئالدىنقى سەجدە بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.

ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر: «**اللهم اغفرلي، وارحمني، واعف عـني، وعافني، وارزقني، واجبرني واسـترني**» (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى). يەنى (ئى ئاللاھ! (گۇناھلىرىمنى) كەچۈرگىن، ماڭا رەھمى قىلغىن، مېنى ئەپۇ قىلغىن، سالامەتلىكىمنى ياخشى قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن، مېنى (تائىتىڭگە) مەجبۇرلىغىن ۋە ئېيپلىرىمنى يۆگىگىن).

11- ئىككىنچى سەجدىنى قىلغاندىن كېيىن يەنە "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتقان ھالدا بېشىنى كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ سەجدىنىڭ تۈگىشى بىلەن بىر رەكئەت ناماز تاماملانغان بولىدۇ.

ئەسكەرتىش:

بۇ رەكئەتنىڭ رۇكۇلىرىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىش ۋە ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن پۇختا، تەلەپكە لايىق ئادا قىلىشقا تىرىشىڭ. چۈنكى نامازنىڭ ئاساسىي مۇشۇ بىر رەكئەتكە ئوخشاش بولۇپ، بىز بۇندىن كېيىن تىلغا ئالىدىغان ۋە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىغان نامازلارنىڭ ھەممىسى بۇ رەكئەتنى قانچىلىك پۇختا ئۆگەنگەنلىكىڭىزگە باغلىقتۇر.

## بەش ۋاقىت ناماز

بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز بولۇپ، جانابى ئاللاھ بۇ نامازلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى يۇغۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىللىرىنى پاكلىشى، ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە كاتتا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك ئالاقە باغلىشى

ۋە داۋاملىق ئاللاھنى ياد قىلىپ تۇرىشى ئۈچۈن پەرز قىلىنغان. بۇ ئالاقىنىڭ لەززىتىنى مۆمىنلەردىن باشقىسى بىلەلمىگىنىدەك، ئىمان ۋە ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ مۇتتەقىيلەردىن باشقىسى تېتىيالمايدۇ. بۇنامازلارنى لايىقىدا ئادا قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىغا ۋەدىسى بولۇپ، بۇ نامازلارنى ئوقۇمىغانلارغا ۋەدىسى يوقتۇر. بۇ خىل كىشىلەرنى خالىسا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ نامازلار ئادا قىلىش جەھەتتە بەش ۋاقىت بولسىمۇ، ئەجرى ۋە ساۋابقا كەلگەندە بىرگە ئون ھېسابىغا ئاساسەن ئەللىك ۋاقىت نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئىچىدە پەرز ۋە سۈننەت نامازلار بولۇپ، پەرزلەر بولسا، ئۇنىڭ رەكئەت سانى بامداتتا ئىككى، ناماز شامدا ئۈچ، پېشىن، ناماز دىگەر ۋە ناماز خۇپتەندە تۆت رەكئەتتىن بولۇپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە جەمئىي ئون يەتتە رەكئەتتۇر. ئادا قىلغان ئىنسانلار ساۋابقا ئېرىشىدىغان، ئوقۇمىغانلار جازالىنىدىغان نامازلار مانا مۇشۇ پەرز نامازلار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە پەرز قىلىنغانلىقىغا دائىر ئۈچۈق دەلىل (يەنى ئايەت) بولغان نامازلار پەرز نامازلاردۇر.

سۈننەت نامازلار بولسا، بۇلارنىڭ ئومۇمى ئون ئىككى رەكئەت بولۇپ، پېشىندە ئالتە رەكئەت، بامدات ۋە ناماز شام ۋە خۇپتەندە ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى باردۇر. بۇ نامازلارنى ئوقۇغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ئوقۇمىغانلار، (قىيامەتتە) ئازابقا دۇچار بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغانلىقتىن سۈننەتلەرنىمۇ ئوقۇشىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىز كېرەك. چۈنكى، جانابى ئاللاھ بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا** «پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەننى ئېلىڭلار (يەنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار)، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار...»، (ھەشىر سۈرىسى 7 - ئايەت)

تۆۋەندە بەش ۋاقىت نامازنىڭ قانداقلىقى، پەرز ۋە سۈننەتلىرىنىڭ رەكئەتلىرىنىڭ سانى قاتارلىقلارنى تەپسىلى بايان قىلىمىز.

## بامدات نامزى

ئەتتىگىنى ئۇيقىڭىزدىن ئويغانغاندىن كېيىن كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇيسىز ۋە سىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا: «**الحمد لله الذي أماتني ثم أحياني وإليه النشور**» يەنى (بارلىق ھەمدۇ سانالار مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا بولسۇن، بىز ئۇنىڭ تەرىپىگە قايتقۇچىدۇرمىز) دېيىش ئارقىلىق ھەمدۇ سانا ئېيتىسىز، ئاندىن نامازغا ھازىرلىق قىلىسىز. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق شەرتلەرنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، قىبلىگە ئالدىڭىزنى قىلىپ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇيسىز. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە، (**ركعتا الفجر خير من الدنيا ومافيها**)

«بامداتنىڭ ئىككى رەكئىتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر»، (مۇسلىم رىۋايىتى). دېگەن بامداتنىڭ سۈننىتى بولۇپ، بۇ سۈننەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەتتا سەپەردىمۇ داۋاملىق ئوقۇغان ۋە تەكىتلىگەن بىر سۈننەتتۇر.

بۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت پەرزنى ئوقۇيسىز. بۇ ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى ئۈزۈنراق ۋە ئۈنلۈك ئوقۇيسىز. شۈبھىسىزكى، سىز بۇ نامازدا ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ بىر دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز، قاراڭغۇ بىر ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايسىز.

چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **إِن قُرْآنَ الْفَجْرِ كَـانَ مَشْـهُودًا** «بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ»، (ئىسرائ سۈرىسى 78 - ئايەت). شۇنىڭ بىلەن سىز يېڭى كۈنىڭىزنى رەھمەت تىلىگەن، ھەمدۇ سانا ئېيتقان ۋە روھىڭىزنى نۇرلاندۇرۇپ داۋاملىق رەھمەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ بامدات ۋاقتىدىكى چاقىرىقى ئاستىدا مەۋجۇت بولغان ۋە ئىچىڭىزنى يورۇتقان ئىلاھىي نۇلارنى قولغا كەلتۈرگەن ھالدا قارشى ئالىسىز.

ئىككى رەكئەت نامازنى قانداق ئوقۇيسىز؟

بىز يۇقىرىدا بىرىنچى رەكئەتنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق ۋە ئۆزەمنىڭ ئىلاۋىلىرىم ئارقىلىق ئۇنى پۇختا ئۆگىنىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلدىم.

بىرىنچى رەكئەتنىڭ ئىككىنچى سەجدىسىدىن كېيىن ئۆرە تۇرىسىز، ئاندىن ”**بـسم الله الـرحمن الـرحيم**“ دەيسىز ۋە ئارقىسىدىن سۈرە پاتىھە بىلەن بىرگە قۇرئاندىن ئىقتىدارىڭىزنىڭ يېتىشچە ئوقۇيسىز، ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ تەكبىر ئېيتقان ھالدا رۇكۇ قىلىسىز، سەجدە قىلىسىز ۋە بىرىنچى رەكئەتتە نېمە ئىش قىلغان بولسىڭىز ئۆز ئەينىسىنى قىلىسىز. ئىككىنچى سەجدە تۈگىگەندىن كېيىن ئولتۇرۇسىز. ئولتۇرغاندا سول پۇتىڭىزنى يەرگە قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىسىز. ئوڭ پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىنى قىبلىگە قاراتقان ھالەتتە ئوڭ قولىڭىزنى ئوڭ تىزىڭىزنىڭ ئۈستىدە، سول قولىڭىزنى سول تىزىڭىزنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئىشارەت ۋە باش بارمىقىڭىزدىن باشقا بارماقلىرىڭىزنى بىر - بىرگە يېقىن تۇتقان ھالدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتتەھىياتۇنى ئوقۇيسىز، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللايسىز.

تۆۋەندە تەشەھھۇدتا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: «**التحيات لله والصلوات والطيبات، السلام عليـك أيهان النبي و رحمة الله وبركاته. السلام علينا و على عباد الله الصالحين أشهد أن لاإله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده و رسوله**»·

**اللهم صل على محمد وعلى آل محمد كما صليت على إبراهيم و على آل إبراهيم إنك حميد مجيد.**

**اللهم بارك على محمد وعلى آل محمد كما باركت على إبراهيم و على آل إبراهيم (في العلمين) إنك حميد مجيد.**

بۇ دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغۇچى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن خالىغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى كېرە. ھەتتا بۇنداق مۇھىم بىر يەردە دۇئا قىلىش مۇستەھەب بولۇپ، بۇ مۇھىم پەيتتە قىلىنىدىغان دۇئا مەيلى نەقىل قىلىنىپ كەلگەن دۇئا بولسۇن، مەيلى بۇنداق بولمىسۇن مۇتلەق مەنادا دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر. لېكىن شۇنداقتىمۇ نەقىل قىلىنىپ كەلگەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش تېخىمۇ پەزىلەتلىكتۇر. شۇڭا بىز تۆۋەندە سىزگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى تەشەھھۇتتىن كېيىن، سالامدىن ئىلگىرى قىلغان دۇئالىرىدىن ئۈچ خىل دۇئانى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## نامازدا قىلىنىدىغان نەقلى دۇئالار

1- ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغان ۋاقتىدا تەشەھھۇد بىلەن سالامنىڭ ئارىلىقىدا قىلىدىغان دۇئالىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى: (**اللهم اغفـرلي ماقدمت وماأخرت وماأسررت وماأعلنت، وماأسرفت، وماأنت أعلم مني، أنت المقدم وأنت المؤخر لاإله إلا أنت**)

2- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەندى: ”ماڭا مەن نامازلىرىمدا قىلىدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويسىلا“

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ”اللهم إني ظلمت نفسي ظلما كثيرا ولايغفر الذنوب إلا أنت فاغفرلي مغفرة من عندك وارحمـني إنك أنت الغفور الرحيم“

3- (اللهم إني أعوذ بك من البخل والكسل، وأرذل العمر وعذاب القبر و فتنة القبر وفتنة المحيا والممات) بۇنىڭدىن باشقا دۇئالارمۇ بولۇپ، بىز مۇشۇلار بىلەن كۇپايە قىلىمىز. جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا نېسىپ قىلسۇن.

ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغىنىڭىزچە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سالام بېرىش ئارقىلىق نامازدىن چىقىسىز. سالام بىرىشتە يۈزىڭىزنى (السلام علـيكم ورحمـة الله) دېگەن ھالەتتە ئوڭ تەرەپكە قارىتىسىز، ئاندىن يەنە (السلام عليكم ورحمة الله) دېگەن ھالەتتە يۈزىڭىزنى سول تەرەپكە قارىتىسىز.

شۇنىڭ بىلەن ناماز تۈگىگەن ۋە ئاخىرلاشقان بولىدۇ. سالام بىرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇئا تېكىستلىرى نەقىل قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى، يادقا ئېلىشى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارى بولۇش ئۈچۈن ئۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر. تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدىن سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قىلىدىغان دۇئالىرىدىن بىر قىسىم دۇئالارنى كۆرستىپ ئۆتىمىز.

## نامازدىن كېيىن قىلىنىدىغان دۇئالار

1- سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئىستىغپار ئېيتاتتى“، ئاندىن (اللهم أنت السلام و منك السلام، تباركت ياذالجلال والإكرام)دەيتتى.

2- ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (مـن قال قبل أن ينصرف ويثني رجله من صلاة المغرب والصبح، لا إله إلا الله وحده لاشريك له. له الملك وله الحمد بيده الخير يحيـي ويميت وهو على كل شيء قدير. عشر مرات، كتب له بكل واحد عشر صدقات ومحيت عنه عشر سيئات ورفع له عشر درجات وكانت حرزا من كل مكروه وحرزا من الشيطان الرجيم، ولم يحل لذنب يدركه إلا الشرك. فكان من أفضل النـاس عمـلا إلا رجلا يفضله يقول أفضل مما قال) «كىمكى بامدات ۋە شام نامازلىرىنى تۈگىتىپ، پۇتلىرىنى تىكلەپ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئون قېتىم (لا إله إلا الله وحده لاشـ ـريك له، له الملك وله الحمد بيده الخير، يحي و يميت، وهو على كل شيء قدير) دېسە، ھەر بىر قېتىمنىڭ بەدىلىگە ئون سەدىقە يېزىلىدۇ، ئون يامانلىق ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەرىجىسى ئون ھەسسە ئۆسىدۇ، يامان كۆرىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بىر قالقان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ شىرىكتىن باشقا ھېچبىر گۇناھى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى بۇ دۇئانى قانچىدىن قانچە كۆپراق ئوقۇش ئارقىلىق كۆپراق ئىبادەت قىلغان بىر ئادەمدىن باشقا ئەمەل جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكراقى بولىدۇ.

3- مۇغىرە ئىبنى شۆبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن شۇنداق دەيتتى: «لاإله إلا الله وحده لاشريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير. اللهم لامانع لما أعطيت ولا معطي لما منعت، لاينفع ذا الجد منك الجد» ۋە يەنە ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن

ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇيتتى. ئايەتەلكۇرسى شۇدۇر: ( اللهُ لاَ إِلَٰهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ)

تەرجىمىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ تۇتمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئۇ يۈكسەك مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر).(بەقەر سۈرىسى 255 - ئايەت)

سىز بۇ ئايەتۇلكۇرسىنى ياخشى يادلىۋېلىڭ ۋە ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇڭ. چۈنكى ئۇنى ئوقۇغان كىشى يەنە بىر نامازغىچىلىك ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولىدۇ. يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن ناس ۋە فەلەق سۈرىلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىرگە، ئىخلاس سۈرىسىنىمۇ ئوقۇيتتى. چۈنكى بىر رىۋايەتتە ئىخلاس سۈرىسىمۇ مۇئەۋۋىزەتەين دېيىلگەن شەيتاننىڭ شەررىدىن پانا تىلەش سۈرىسى جۈملىسىدىندۇر.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات ۋە نامازشام نامىزىدىن كېيىن ھېچ بىر كىشى بىلەن سۆزلەشمەستىن يەتتە قېتىم «اللهم إني أسئلك الجنة»، (ئى ئاللاھ! مەن جەننەتنىڭنى سورايمەن) دەيتتى. يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەسبىھ (سبحان الله) ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ھەمد (الحمد لله) ۋە ئوتتۇز تۆت قېتىم تەكبىر (الله أكبر) ئېيتاتتى. ئاخىرىدا بولسا: «لاإله إلا الله وحده لاشريك له. له الملك وله الحمد، وهو على كل شيء قدير» دەيتتى.

بەزىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، الله أكبر، سبحان الله، والحمد لله، الله أكبر وسبحان الله والحمد لله، دەپ بىراقلا ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئوقۇيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازلىرىنى مانا مۇشۇ ھالەتتە تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ، ئىستىغپار ۋە دۇئالار بىلەن تۈگىتەتتى. ئۇنىڭ تىلى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن داۋاملىق نەمدىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئولتۇرسا، قوپسا ۋە ياتسا داۋاملىق ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكرى - تەپەككۇر قىلاتتى ۋە ھەر بىر قېتىم قارىغان ۋاقتىدا بىر ئىبرەت ئالسا، ھەر بىر سۈكۈتتىن بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتى. ھەر بىر سۆزدىن يالغۇز ئاللاھنى ئەسلىتىدىغان بىر نەرسە كۆرەتتى.

ئۇنداق بولغانىكەن بىزگە مۇناسىب بولغىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش، ئۇ قىلغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يولىغا بىر - بىرلەپ ئەگىشىشتۇر. بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الأَخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا «يەنى سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر». (ئەھزاب سۈرىسى 21 - ئايەت).

## پىشىن نامىزى

كۈندۈزنىڭ يېرىمىدىن كېيىن ئىنسانغا قىلىۋاتقان ئىشى تۈپەيلى ھارغىنلىق ۋە چارچاش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى روھىنى تىنچلاندۇرىدىغان بىر ئىشقا مۇھتاج بولۇپ، پىشىن نامىزى ئوقۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ ۋە بەدىنىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئالىدۇ، ئاندىن قىبلىگە ئالدىنى قىلغان ھالدا پەرۋەردىگارى بىلەن خالىي قالىدۇ ۋە سۆيۈملۈك ياراتقۇچىسى بىلەن مەخپىي دەرتلىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، روھىي جەھەتتىن ئاكتىپچانلىقنى قايتىدىن پەيدا قىلغاندىن كېيىن ناخوشلۇقتىن قۇتۇلغان ھالدا نامازنى تۈگىتىدۇ ۋە خىزمىتىگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك ۋە چىڭ ئىرادە بىلەن قايتىدۇ.

پىشىن نامىزى پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت سۈننەت (يەنە بىر رىۋايەتتە سۈننىتى مۇئەككىدە بولغان ئىككى رەكئەت) نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تۆت رەكئەت پەرزنى ئوقۇيسىز، ئاندىن سۈننىتى مۇئەككىدە بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيسىز. مەيلى ئىمام بولۇڭ، مەيلى ئىقتىدا قىلغۇچى بولۇڭ ۋە مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇڭ پىشىن نامىزىنىڭ ھەممىسىدە قىرائەتنى ئىچىڭىزدە مەخپىي ئوقۇيسىز.

## تۆت رەكئەت نامازنى قانداق ئوقۇيسىز؟

بىز يۇقىرىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدىغان بامدات نامىزىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئەگەر سىز ئۇنى ياخشى ئۆگەنگەن بولسىڭىز قالغان نامازلارنى ئۆگىنىشىڭىز ئوڭاي بولىدۇ. ئەگەر ناماز پىشىن، ناماز دىگەر ۋە خۇپتەنگە ئوخشاش تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيسىز، ئاندىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويىسىز ۋە نامازنى داۋاملاشتۇرىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتنى ئوقۇيسىز، بۇ ئىككى رەكئەتتە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيسىز. تۆتىنچى رەكئەت تۈگىگەندىن كېيىن، تەشەھھۇدقا ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن قوشۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن خالىغان دۇئالىرىڭىزنى قىلسىڭىز، ئاندىن نامىڭىزنى سالام بىلەن تۈگىتىسىز. پەرزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيسىز شۇنىڭ بىلەن پىشىن نامىزى تۈگەيدۇ.

مۇھىم نوقتىلار

مەسجىدكە كېلىپ نامازغا تەكبىر ئوقۇلغانلىقىنى ۋە ئىمامنىڭ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە ھېچقانداق نەپلى ناماز ئوقۇمايسىز. ئەكسىچە جامائەتنىڭ سېپىگە قېتىلىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىسىز. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا پەرز نامازدىن باشقا ھېچقانداق ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ“.

بۇ ھۆكۈم ھەممە نامازدا كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھېچقانداق بىر ۋاقىت نامازغا خاس ئەمەستۇر. شۇڭا سىز سۈننەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا يەتكۈدەك ۋاقىت بارلىقىنى بىلسىڭىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشىڭىز پەرزدۇر.

## ناماز ئەسرى

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ)

«(بەش) نامازنى، بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار» (بەقەر سۈرىسى 238 - ئايەت).

ناماز دىگەر تۆت رەكئەت بولۇپ، پېشىننى ئوقۇغاندەك ئوقۇيسىز. ئەۋۋەلقى رەكئەتتە پاتىھە سۈرىسى بىلەن بىرگە بىر سۈرە ئوقۇغاندىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندىن ئاخىرقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇيسىز. بىراق بۇ ئىككى رەكئەتتە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيسىز، تۆتىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندىن سالام بىلەن تۈگىتىسىز.

ئەمما ناماز دىگەرنىڭ سۈننەتلىرىگە كەلسەك، نامازدىگەرنىڭ داۋاملىق ئوقۇلىدىغان تەكىتلەنگەن بىر سۈننىتى يوق. بىراق پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت سۈننەت بولۇپ، ھەدىستا بۇنى ئوقۇشنى تەكىتلەيدىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ ناماز بەزىدە ئىككى رەكئەت ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

نامازدىگەردىكى قىرائەت بولسا ھەممە رەكئەتتە مەخپى ئوقۇلىدۇ ۋە نامازدىگەردىن كېيىن كۈن كىرىپ كەتكۈچىلىك ناماز ئوقۇش (قانداق ناماز بولىشىدىن قەتئى نەزەر) مەكرۇھتۇر.

## ناماز شام

مۇسۇلمان كىشى كۈنلۈك مەشغۇلاتىغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىش ۋە ھەمدۇ سانا ئوقۇش بىلەن (چۈنكى ناماز رەھمەت) باشلايدۇ. ۋە يەنە رەھمەت ئېيتىش بىلەن باشلىغان كۈندۈزنى كېچىگە - كۈندۈزنى بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچى ۋە شەرت - شارائىتلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىغا تەشەككۈر ئېيتىش، رەھمەت ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئۈزىتىپ قويىدۇ.

ناماز شامنىڭ پەرزى ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى جەھرەن (ئۈنلۈك) ئوقۇغاندىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز. تەشەھھۇتتىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتتە پەقەتلا سۈرە پاتىھەنى مەخپى ئوقۇغاندىن كېيىن رۇكۇئغا بارىسىز، ئاندىن سەجدە قىلىسىز ۋە ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز. بۇ تەشەھھۇتتا بولسا باشقا نامازلار دىكىگە ئوخشاشلا ئەتتەھىيياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ خالىغىنىڭىزچە دۇئا قىلغاندىن كېيىن سالام بىلەن نامازدىن چىقىسىز.

پەرىزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىرى بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇيسىز. شۇنىڭ بىلەن ناماز شام ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئىلاۋە:

سۈننەت نامازلارنىڭ ھەممىسىدە قىرائەت مەخپى ئوقۇلىدۇ. قىرائەت جەھرەن ئوقۇلىدىغان يەرلەر بولسا بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزى، ناماز شامنىڭ ۋە خۇپتەننىڭ پەرزلىرىنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتلىرى بولۇپ، قالغان پەرزلەردە قىرائەت مەخپى ئوقۇلىدۇ.

## خۇپتەن

خۇپتەننىڭ پەرزى تۆت رەكئەت بولۇپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى جەھرەن ئوقۇغاندىن باشقا، تامامەن پېشىننىڭ پەرزىنى قانداق ئوقۇغان بولسىڭىز شۇنداق ئوقۇيسىز. پەرز تۈگىگەندىن كېيىن تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىرى بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇيسىز. ئەمما خۇپتەننىڭ پەرزىنى ئوقۇشتىن

بۇرۇنقى سۈننەتكە كەلسەك، ئىككى ۋە ياكى تۆت رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. خۇپتەن نامىزىنى ۋىترى نامىزىنى ئوقۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىسىز.

## ۋىترى نامىزى

ۋىترىنىڭ مەنىسى يالغۇز دېگەن بولۇپ، بۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقىدىن ئايرىلغان يىگانە بىر ئىسىمدۇر. بۇنىڭ رەكئەتلىرى بولسا ناماز شامغا ئوخشاش بىرلىكتە ئوقۇلىدىغان ئۈچ، بەش ۋە يەتتە رەكئەتتۇر. چۈنكى ناماز شاممۇ بىرلىكتە ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكئەت نامازنىڭ ئىسمىدۇر.

ۋىترى تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىر سۈننەتتۇر. ھەتتا بەزى ئىماملارنىڭ (نۇپۇزلۇق ئالىملار) كۆز قارىشىچە بولسا ۋاجىبتۇر. ۋىترى ئەڭ ئاز بىر رەكئەت بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولسا ئونئۈچ رەكئەتتۇر. لېكىن ھازىر مۇسۇلمانلار ئوقۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئۈچ رەكئەت ئوقۇش كامالەتكە يېقىن بولغىنىدۇر.

”مەسۋا“ دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىماملارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ پىكرىچە ۋىترىنىڭ ئەڭ ئېزى بىر رەكئەت بولۇپ، ئەڭ كۆپى بولسا ئونبىر ياكى ئونئۈچ رەكئەتتۇر. كامالەتكە ئەڭ يېقىن بولغىنى بولسا ئۈچ رەكئەتتۇر. بىراق قانچە قانچىدىن قانچە كۆپرەك ئوقۇسا شۇنچە ياخشى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىترىنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا بىرىنچى رەكئەتتە پاتىھەدىن كېيىن ”**سبح اسم ربك الأعلى...**“ نى، ئىككىنچى رەكئەتتە ”**قل ياأيها الكافرون**“ نى ۋە ئۈچىنچى رەكئەتتە بولسا ”**قل هـو الله أحد**“ ۋە مۇئەۋۋىزەتەيىن دېيىلىدىغان ”**قل أعوذ برب الفلق**“ ۋە ”**قل أعوذ برب الناس**“ نى ئوقۇيتتى.

ۋىترىنىڭ ۋاقتى بولسا خۇپتەننىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىن تارتىپ كېچىنىڭ ئاخىرىسى بولغان تاڭ ئاتقۇچىلىكتۇر. ۋىتىر نامىزى، كېچە نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان بىر ناماز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە خىل شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. بىز تۆۋەندە سىزگە بۇ شەكىللەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى شەكىل

ئۈچ رەكئەتنى بىرلىكتە ئوقۇپ، ئاخىرقى رەكئەتتە ئولتۇرۇپ ۋە ئەتتەھىيياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن بىرگە ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بېرىسىز. بۇ شەكىل ناماز شامغا ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋىترىنىڭ ناماز شامغا ئوخشاپ قېلىشىنى چەكلىگەنىدى.

ئىككىنچى شەكىل

ئىككى رەكئەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بېرىسىز، ئاندىن بىر رەكئەتنى مۇستەقىل ھالەتتە ئوقۇغاندىن كېيىن نامىزىڭىزنى تۈگىتىسىز.

ئۈچىنچى شەكىل

شۈبھىسىزكى، ۋىتىر ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئارىسىدا سالام بەرمەستىن ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن رۇكۇغا ئولتۇرۇپ، ئۈچۈنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن بۇرۇن قۇنۇت دۇئاسىنى قىلىدۇ. ۋىتىرنىڭ ھەر رەكئىتىدە سۈرە پاتىھە بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. قۇنۇت دۇئاسىنى قىلماقچى بولغاندا تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. قۇنۇتتا تۆۋەندىكى ئىككى دۇئانىڭ بىرىنى ئوقۇيدۇ: ”بىرىنچىسى **اللـهم إنـا نسـتعينك ونسـتغفرك، ونستهديك، ونؤمن بك، ونتوب إليك، و نتوكل عليك، ونثني عليك الخير نشكرك ولا نكفرك ونخلع ونترك من يفجرك. اللـهم إياك نعبد، ولك نصلي ونسجد، وإليك نسعى ونحفد، نرجو رحمتك، ونخشى عذابك، إن عذابك بالكفار ملحق**“.

ئىككىنچى دۇئا (**اللّٰهُم اْهدِنيْ فيمن هدَيتَ، وعافِنيْ فيمن عافْيتَ، وَتَولِني فيمن تَوليتَ، وبارك لي فيما أعطَيتَ، وقِني شَر ماقَضَيتَ، فإنك تَقْضِيْ ولا يُقْضى عَلَيكَ إنه لأيذِل من وَالَيتَ ولايعز من عاديت، تباركت ربنا وتعاليت**)

ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكىگە نىسبەتەن ۋىتىردە قۇنۇت دۇئاسى پەقەتلا رامىزاننىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوقۇلىدۇ. لېكىن ھەنەفى مەزھىبىدىكى ئالىملارغا نىسبەتەن ۋىتىر نامىزىدا داۋاملىق قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇلىشى كېرەك. باشقا مەزھەبتىكى ئىماملار ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ۋىتىر نامىزى ئوقۇغاندا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى پىكرىدە بولۇپ، بۇ پىكىردە بولغان ئىماملارنىڭ بىرى ئىمامى مالىكتۇر (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن).

ۋىتىرنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە خۇپتەننى تۈگەتكىنىمىزدەك بەش ۋاقىت ناماز تۈگىگەن بولىدۇ. مۇسۇلماننىڭ كۈندۈزى ۋە كېچىسى مانا مۇشۇنداق تائەت ـ ئىبادەت، نىيەتنى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاس قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان ئويغانغاندا ھەمدۇ سانا بىلەن بىلەن كۈندۈزنى قارشى ئالغىنىدەك ئويقىغىمۇ ھەمدۇ سانا، شۈكۈر ۋە دۇئا بىلەن باشلايدۇ.

## بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان مۇھىم نۇقتىلار

1ـ نامازغا باشلىغىنىڭىزدا ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەركانلىرىغا ۋە شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن ھېچقانداق سۆز قىلماسلىقىڭىز، ئوڭ ـ سولغا قارىماسلىقىڭىز، ئەزالىرىڭىزنى ۋە بەدىنىڭىزنى قالايمىقان ھەرىكەتلەندۈرمەسلىكىڭىز كېرەك. چۈنكى ئەگەر سىز نامازدا سۆز قىلسىڭىز ياكى نامازدىن بولمىغان بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز ياكى بولمىغاندا نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىردە ـ بىر شەرتنى تەرك قىلسىڭىز نامىزىڭىز بىكار بولىدۇ ۋە سىزنىڭ ئۇ نامازنى شەرتلىرىنى تەلتۆكۈس ئورۇندىغان ھالدا قايتىدىن ئوقۇشىڭىز ۋاجىب بولىدۇ.

2ـ نامازنى باشلىغاندىن كېيىن نامازدا كۆزىڭىزنى ئۈستۈن تەرەپكە قاراتمىغىنىڭىزدەك، كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالمايسىز. ئەكسىچە كۆزلىرىڭىز ئوچۇق بولسۇن. ئەگەر سىز قىيامدا بولسىڭىز سەجدە قىلىدىغان يېرىڭىزگە قاراڭ، رۇكۇدا بولسىڭىز پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىغا قاراڭ، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغىنىڭىزدا بولسا شاھادەت بىلەن تەڭ ئۈستىگە كۆتىرىدىغان ئوڭ قولىڭىزنىڭ ئىشارەت بارمىقىغا قاراڭ.

3 ـ كەش ياكى ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇشىڭىز جائىزدۇر. لېكىن نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن ئايىغىڭىزنى قېقىپ ئۇنىڭ تاپىنىغا قاراپ، ئەگەر بىر ھۆللۈك ياكى نىجاسەت كۆرسىڭىز ئۇنى تۇپىغا سۈرتىۋاتقاندىن كېيىن نامازغا تۇرۇشىڭىز لازىم. بىتىڭگە ياكى كەش بىلەن ناماز ئوقۇش (ئەينى زاماندا) يەھۇدىلارغا ئوخشىماسلىق ئۈچۈن نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. زېمىننىڭ ھەممىسى پاك ۋە مەسجىدتۇر. شۇڭا مازارلىقتىن باشقا قانداق يەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولسا شۇ يەردە نامىزىڭىزنى ئوقۇڭ. ئەمما كىمكى قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇسا باتىل بولىدۇ. يەنە ئىنسانلار غۇسلى قىلىدىغان يەردە ناماز ئوقۇش جائىز بولمايدۇ.

4 ـ سىز سامساق، پىياز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يىرگىنچىلىك پۇرايدىغان نەرسىلەرنى يېگەن بولسىڭىز سىزدىن شۇ پۇراق يوقالمىغۇچە مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى بىئارام قىلماسلىقىڭىز كېرەك.

5 ـ مەسجىدكە كىرگەن ۋاقتىڭىزدا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇڭ: "**بسم الله والسلام على رسول الله، اللهم اغفـرلي ذنوبي، وافتح لي أبواب رحمتك**" تەرجىمىسى: (ئاللاھنىڭ نامى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئامانلىق تىلەش بىلەن كىرىمەن. ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋاتقىن). كىرگەندە ئوڭ پۇتىڭىز بىلەن كىرىڭ. چىققاندا سول پۇتىڭىز بىلەن چىقىڭ ۋە چىقىۋېتىپ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇڭ: "**بسمِ الله والسلامُ علـى**

رسول الله، اللهم اغفِرْلي ذُنوبيْ، وافْتَحْ لي أبْوَابَ فَضْـلِكَ". تەرجىمىسى: (ئاللاھنىڭ نامى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئامانلىق تىلەش بىلەن كىرىمەن. ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا پەزلى ـ نېمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكىن).

6 ـ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ خۇزۇ خۇشۇسىنى بۇزىدىغان پىكىرلەرگە چۆمۈپ كېتىش جائىز ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭ دىلى ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاۋات بولىشى كېرەك.

7 ـ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا بەدىنىڭىزدە يىلان ـ چايانىدەك بىر نەرسە ماڭسا ئۇنى ئۆلتۈرۋېتىڭ. ئۇنى ئۆلتۈرشىڭىز سەۋەبىدىن نامىزىڭىز بوزۇلمايدۇ. يەنە ناماز ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا سىزگە بىر كىچىك بالا كېلىپ ئېسىلىۋالسا مەيلى ئۇنى ئۇزاقلاشتۇرۇڭ ياكى بوينىڭىزغا ئېلىۋېلىڭ. لېكىن نامىزىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ. (چۈنكى بۇنىڭ بىلەن نامىزىڭىزغا بىر خەلەل كەلمەيدۇ). يەنە سىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىراۋ كېلىپ ئىشىكىڭىزنى قاقسا (ياكى زىلنى چالسا)، ئۆيدە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن سىزدىن باشقا ھېچ كىم بولمىسا نامىزىڭىزنى بۇزماستىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن نامىزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. چۈنكى بۇ ئادەتتىكى بىر ھەرىكەت بولۇپ نامازنى بۇزمايدۇ.

8 ــ ساقلاپ كۈتۈش قانچىلىك تەس بولسا بولسۇن بىر مۇسۇلماننىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ ئالدىدىن ئۆتىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭمۇ ئالدىغا بىر ياستۇق، بىر دەرەخ، تام، بىر ئورۇندۇق ياكى بىر ھاسىنى تىكلەپ قويۇشى، ھېچ بولمىغاندا يەرگە بىر سىزىق تارتىپ قويغاندىن كېيىن نامازغا تۇرۇشى لازىز.

ناماز ئوقۇغۇچى يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن بىرىنى قىلىپ نامازغا تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنىڭ بۇ سۈترىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆتىشى جائىزدۇر. ئەمما ئۇ كىشى ناماز ئوقۇۋاتقۇچى بىلەن سۈترىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتمەكچى بولسا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ئۇنى ئۆتكىلى قويمىسۇن. ئەگەر ئۇنىماي يەنىلا ئۆتمەكچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسۇن. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندۇر.

ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن يات بىر ئايالنىڭ ئۆتىشى نامازنى بۇزىدۇ. ئەمما مەككە مۇكەررەمەدىكى مەسجىدىل ھەرامدا بۇزمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە ئۆتكۈچى ئايال كىشى بولغان تەقدىردىمۇ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش جائىزدۇر.

9ـ بىر كىشى ياكى بىر مىللەتكە دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشى ياكى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشاش بىرەر مۇسىبەت كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ يالغۇز ۋە ياكى جامائەت بىلەن بولسۇن مۇسىبەت كۆتىرىلىپ كەتكۈچە بەش ۋاقت نامازنىڭ ھەممىسىدە قۇنۇت دۇئاسى قىلىشى سۈننەتتۇر. قۇنۇت دۇئاسى پەرز نامازلارنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدىلا قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن قولىنى كۆتىرىپ ئۆزى ۋە خەلقى ئۈچۈن ياكى خەلقىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ دۈشمىنىگە قارشى خالىغانچەن دۇئا قىلىدۇ.

10ـ نامازدا ئۇشكۈرگۈچىنىڭ ياكى بىر نېمەتكە ئېرىشكۈچىنىڭ ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئوقۇشى جائىزدۇر. (أَلَيْسَ ذَلِكَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يُحْيِيَ الْمَوْتَى) «ئۇنىڭ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھنىڭ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يەتمەمدۇ؟»، (قىيامەت سۈرىسى 40 ـ ئايەت) ئايىتىگە ئوخشاش ئازاب ئايىتى ئۆتكەندە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئازابتىن پاناھ تىلىشى سۈننەتتۇر. سىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىراۋ سىزگە سالام قىلسا سالامنى ئىشارەت بىلەنلا ئېلىڭ.

11- ئىنسان ئۇنۇتقاقتۇر. شۇڭا ئەگەر سىز نامىزىڭىزدا سەۋەنلىكتىن بەزى ئىشلارنى ئادەتتىكىدىن كۆپراق ياكى ئازراق قىلىپ سالغان بولسىڭىز، ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن نامازنىڭ سەجدىسىگە ئوخشاش يېتىپ قوپقاندا تەكبىر ئېيتقان ھالدا ئىككى قېتىم سەجدە قىلغاندىن كېيىن، تەشەھھۇدتا ئولتۇرماستىن سالام بېرىسىز. مانا بۇنى سەجدە سەھۋى دەيمىز.

ئەگەر نامىزىڭىز توغرىسىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇممۇ بىر رەكئەتمۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالسىڭىز ئوقۇغان نامىزىڭىزنى بىر رەكئەت ھېسابلاڭ، ئەگەر ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇممۇ ئۈچ رەكئەتمۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالسىڭىز ئوقۇغان نامىزىڭىزنى ئىككى رەكئەت ھېسابلاڭ، ئاندىن ئىككىلىنىپ قالغان نامىزىڭىزنى سالامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئىككى قېتىم سەجدە قىلىش ئارقىلىق تولۇقلاڭ. چۈنكى ئىككىلىنىشنى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىقى ھەدىسلەر بىلەن سابىتتۇر.

ئەگەر ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئىككى رەكئەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىراقلا ئۈچىنچى رەكئەتكە قوپۇپ كەتكەن بولسىڭىز، قايتىدىن ئولتۇرماڭ، ئەكسىچە نامىزىڭىزنى تۆگەتكەندىن كېيىن ئاخىرقى رەكئەتتە سالامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئىككى قېتىم سەجدە قىلىش ئارقىلىق بۇ سەھۋەنلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىڭ.

ئەگەر ئىمام سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسا ھەم ئىمامنىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ سەجدە سەھۋى قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى (ياكى قىلغۇچىلار) سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ تەقدىردە ئىمامنىڭمۇ، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭمۇ سەجدە قىلىشى لازىم كەلمەيدۇ.

12- ئەگەر سىز جۈمە ۋە ياكى باشقا كۈندە مەسجىدتە نامازنى كۈتىۋاتقان بولسىڭىز ۋە بۇ جەرياندا قۇرئان ئوقۇۋاتقان بىرىدىن سەجدە ئايىتىنى ئىشتسىڭىز بىر قېتىم سەجدە قىلىۋېتىڭ. بۇ سەجدە تىلاۋەت سەجدىسى دېيىلىدۇ.

## كېسەل بولغان كىشىنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقى توغرىسىدا

كېسەل كىشى كېسەللىك تۈپەيلىدىن قىيامدا تۇرالمىسا نامازنى ئولتۇرغان ھالەتتە ئوقۇيدۇ ۋە سەجدە بىلەن رۇكۇنى ئادەتتىكىدەك قىلىدۇ. ئەگەر رۇكۇ ۋە سەجدە قىلالمىسا بۇلارنى سەجدىدە بېشىنى رۇكۇدىكىدىن پەسراق كۆتۈرگەن ھالدا ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا كۈچى يەتمىسە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ يان ياتقان پېتى ئوقۇيدۇ. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا پۇتىنى قىبلىگە قارىتىپ ئۇزاتقان ھالدا كاللىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. رۇكۇ بىلەن سەجدىنى بولسا ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلىشقا قادىر بولالمىسا نامازنى كېچىكتۈرىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىدا ناماز شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئەھۋالىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئادا قىلىشىڭىز ۋاجىبتۇر. كېسەل بولسىڭىزمۇ ئۇنى تەرك ئېتىشىڭىزگە رۇخسەت يوق. يەككە - يېگانە ۋە قۇدرەتلىك بولغان ئاللاھ نېمە دېگەن ئۇلۇغ ھە!

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش

ئىسلام دىنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىك دىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونۇشقا، سۆزى بىردەك بولۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى (ئاللاھنىڭ دىنى) غا مەھكەم يېپىشىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى بىر - بىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ دوسلۇق ئورنىتىشنى، بىر - بىرىگە نەسىھەت قىلىشنى، بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەت

باغلاشنى، بىر ـ بىرىگە توغرىنى ۋە چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە پەزىلەتلىك قىلىشى بولسا، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەھمىيەتنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (صَـلاَةُ الجَمَاعَةِ أَفْضَلُ مِنْ صَلاةِ الفَذ ـ الْمُنفَرِدِ ـ بِسبْعٍ وعِشْـرِينَ دَرْجَـةً) «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 ھەسسە پەزىلەتلىكتۇر».

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن: (ما مِنْ ثَلاثَةٍ فِي قَرْيَةٍ ولا بدو لاُتقَامُ فِيهم الصَلاَةُ إلا قد اسْتَحْوَذَ ـ استَوْلى ـ عليْهِمْ الشَيْطَانُ فَعَلَيْكُمْ بِالجَمَاعَةِ فَإنمَا يَأْكُلُ الذئْبُ مِنَ الغَنمِ القَاصِيَةِ) «بىر يېزىدا ياكى بىر چۆلدە ئۈچ كىشى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇ يەردە ناماز جامائەت بىلەن ئوقۇلمىسا ئۇلارغا شەيتان مۇسەللەت بولىدۇ، شۇڭا سىلەر نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇڭلار، چۈنكى قاتاردىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ».

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (الجَفَاءُ كُلُ الجَفاءِ والكُفْرُ والنفَـاُق مِـنْ مُنـادِي اللهِ يُنـَادِيْ إلى الصـلاَةِ فَلاُيجُبِـهُ) «نامازغا چاقىرىۋاتقان ئاللاھنىڭ چاقىرغۇچىسىنى (يەنى مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگەن (يەنى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىغان) كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى بىكار، ئۇ نانكور ۋە مۇناپىقتۇر».

ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: (قُلْتُ يَارَسُـولُ الله أَنـا ضَرِيْرُ شاسع ـ بَعِيد ـ الدار وَلِيْ قَائِد لاَ يُلاُيمُنِيْ فَهَل تَجِدْ لِيْ رُخْصَةٌ أَنْ أُصَلي فِي بَيْتِيْ، قالَ: تَسْمَعُ النداءَ؟ قالَ: نَعَمْ، قالَ: ما أَجِدُلَكَ رُخْصَةً) «مەن دېدىمكى ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ كۆزۈم كور، ئۆيۈم مەسجىدتىن يىراق بولۇپ، مېنى مەسجىدكە باشلاپ بارىدىغان يولباشلىغۇچىممۇ يوق، شۇڭا مېنىڭ نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇشقا رۇخسەت بارمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەزاننى ئاڭلامسىز يوق؟» دېدى، ئىبنى ئۇممى مەكتۇم: "ھەئە ئاڭلايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «(ئۇنداقتا) ساڭا رۇخسەت يوق» دېدى.

باشقا بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ( أَسْمعُ الأذانَ قَـالَ: إنْ سَـمِعْتَ الأذانَ فَأَجِبْ وَلَوْ حَبْوًا أَوْ زَحْفًـا) "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئۆيۈم يىراق، كۆزۈم بولسا كۆرمەيدۇ. ھالبۇكى مەن ئەزاننى ئاڭلايمەن (قانداق قىلىمەن؟)" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەگەر سەن (نىدانى) ئەزاننى ئاڭلايدىغان بولساڭ يۇمىلانغان ۋە ئۆمىلىگەن ھالدا بولسىمۇ بېرىپ، ئۇنى ئىجاۋەت قىلغىن (يەنى جامائەت بىلەن نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە بارغىن)».

ئى مۇسۇلمان! بۇ ھەدىسلەردىن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن نامازنى جائەت بىلەن ئوقۇڭكى، ھەرگىزمۇ جامائەتنى تەرك قىلماڭ. چۈنكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش كورلەردىنمۇ ساقىت بولمايدۇ. شۇڭا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭ ۋە نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ ۋە بىلىپ قويۇڭكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش

كىشىلەر، قۇرقۇنچقا ئوخشاش جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تۇسالغۇ بولىدىغان بىرەر ئۆزرە بولماستىن بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاجىب بولغىنىدەك، ئۇ ئىسلامدىكى چوڭ سۈننەتلەردىن بىرىدۇر.

ئاياللارنىڭ مەسجىدكە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كېلىشى جائىز بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا بېرىشتىن چەكلىشى جائىز ئەمەس. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەر زىيان - زەخمەتكە يوقۇلۇپ قېلىشىدىن قورقسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ مەسجىدتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىدىن ئۆيىدە ناماز ئوقۇشى ئەۋزەل. بىرى كىچىك بالا، يەنە بىرى ئايال كىشىدىن ئىبارەت ئىككى كىشى بولغان تەقدىردىمۇ جامائەتنىڭ پەزىلىتى ھاسىل بولىدۇ، ئەمما كىشىنىڭ سانى قانچىلىك جىق بولسا شۇنچە ياخشى.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ شۇئارلىرىدىن ۋە دىنى قېرىنداشلىقنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭ بىلەن كىچىك، باي بىلەن گاداي، كاتتا بىلەن تۆۋەننىڭ ئۆتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر پەرق بولماستىن، ھەممە باراۋەر بىر سەپتە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكراقى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ تەقۋادار بولغانلاردۇر. جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدا باي بىلەن پېقىر، پادىشاھ بىلەن قۇل ئوخشاشلا بىر سەپتە تۇرۇش ۋە ئۈستۈن بىر پەشتاققا جۇغلىشىش ئارقىلىق ئادالەت، بىرلىك - باراۋەرلىك ۋە ئىتائەت نامايەن بولىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇنىڭ مەنىسىنى ۋە مېغىزىنى بىلەلىسە ئىدى، جامائەتنى قولدىن بەرمەيتتى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەتسىزلىك بىلەن قارىمايتتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى بولغان مەسجىدلەرنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى تەركەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا شىكايەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ھېچكىم بارمايدىغان بوش ھالدا تاشلاپ قويمايتتى.

## نامازنىڭ جامائەت بىلەن قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئىمامدا بولۇشى كېرەك بولغان شەرتلەر

سىلەر بىر جامائەت بولۇپ، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇماقچى بولساڭلار يالغۇز ئەمەس بىرلىكتە ناماز ئوقۇشۇڭلارغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ياخشىراق ئوقۇيالىسا ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ سىلەرگە ئىمام بولۇشى لازىم. ئەگەر قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتا ھەممىڭلار ئوخشاش بولساڭلار بۇ چاغدا ئىچىڭلاردىن كىم ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بەكرەك بىلسە ۋە ياخشىراق چۈشەنسە شۇ كىشى ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئىلىم - بىلىمدە ۋە چۈشەنچىدە ئوخشاش بولساڭلار ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ يېشى چوڭراق بولسا شۇ ئىمام بولسۇن. ئەمما مەسچىدلەردە ئىماملار مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئالدىغا ئۆتۈپ نامازنى ئوقۇپ بېرىدۇ، شۇڭا ياخشى ئىماملارنىڭ سايلىنىشى لازىم.

ئىمامنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا ئۆتۈپ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ سېپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ سەپنى تۈپتۈز قىلىدۇ. چۈنكى سەپنى تۈز قىلىش نامازنى تاماملايدىغان شەرتلەردىن بىرىدۇر. نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىمام تەكبىر تەھرىمە ئېيتىش ئارقىلىق نامازغا شۇرۇ قىلىدۇ. سىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەكبىر ئېيتىسىلەر، ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىقتىدا قىلغۇچىلار پاتىھەدىن باشقا بىر نەرسە ئوقۇمايدۇ. ئاندىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار نامازدىكى ھەرىكەتلەردە ئىمامغا ئەگىشىپ ئىمام رۇكۇغا بارغاندىن كېيىن رۇكۇ قىلىدۇ. ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرگەندىن كېيىن ئۇمۇ بېشىنى رۇكۇدىن كۆتىرىدۇ. ئىمام سەجدە قىلغاندىن كېيىن سەجدە قىلىدۇ... ناماز تۈگىگۈچىلىك ئىمامغا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىقتىدا قىلغۇچىلار سالام بېرىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭ

بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى ھارامدۇر. ئىمام جەھرى ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى جەھرەن ئوقۇيدۇ. مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا بولسا قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇيدۇ.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى بولسا ھەمىشە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيدۇ. بىر كىچىك بالا يەنە بىرى ئايال كىشى بولغان تەقدىردىمۇ ئىككى كىشى جامائەت بولىدۇ. شۇڭا سىز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا يېنىڭىزدا باشقا بىر كىشى بولسا بىرىڭلار ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولسۇن، ئىقتىدا قىلغۇچى بولسا ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسۇن. ئىككىڭلارغا ئىقتىدا قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر كىشى كەلگەندە، ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ يېڭى ئىقتىدا قىلغان كىشى بىلەن بىرلىكتە بىر سەپ بولۇشى، ئىمامنىڭمۇ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچىلار بۇ ھۆكۈمنى بىلمىسە، بىرى ئىمامنىڭ ئوڭ يېنىدا، يەنە بىرى سول يېنىدا تۇرسا ئۇلارنىڭ بىر سەپ بولۇشى ئۈچۈن ئىمام ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئارقىغا چىقىرىپ قويىدۇ.

ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ ئايالى ياكى سىڭلىسىغا ئوخشاش ئايال كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەمەس ئارقىسىدا تۇرۇشى كېرەك. پەرز نامازلاردا قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيالايدىغىنى ۋە دىننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى بولۇش شەرتى بىلەن ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان كىچىك بالىنىڭ چوڭلارغا ئىمام بولۇشى جائىزدۇر. كىم ئىمامنىڭ بىر رەكئەتكە يېتىشەلىگەن بولسا جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتىنى تاپقان بولىدۇ. ئەمما ئىمامغا يېتىشەلمىگەن قىسمىنى ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن تولۇقلىۋالىدۇ. يەنى ئىمام نامازنى تۈگىتىپ سالام بەرگەندە (ئەگەر سىزنىڭ نامىزىڭىز كام قالغان بولسا) سىز سالام بەرمەستىن قەپ قالغان رەكئەتلەرنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرىسىز. ئىمامنىڭ نامازنى سۇننەتكە ئۇيغۇن ھالدا يېنىك ئوقۇشى سۇننەتتۇر. چۈنكى ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاجىز، كۆچسىز ۋە ھاجەتمەن كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن.

نامازنى يېنىك ئوقۇش بولسا پاتىھەدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈرە زەمدە قىسقا ئوقۇش دېگەن بولۇپ، رۇكۇ، سەجدە ۋە رۇكۇ بىلەن سەجدە ئارىسىدا تەلتۆكۈس رۇسلىنىشقا ئوخشاش ئىشلاردا بولسا كۆڭۈل راھەتلىكى بىلەن تەئدىل ئەركانلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ۋە نامازغا دەخلى يەتكۈدەك دەرىجىدە تېز ئوقۇماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ئىماملار بەزى كىشىلەرنىڭ نامازدا چېپىپ تۇخۇ دان يېگەندەك ئالدىراپ ئوقۇغان نامازلىرى بولسا باتىل بولۇپ، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. دېمەككى، نامازدا خۇشۇ ۋە خۇزۇ بولمىسا ئۇ ناماز باتىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈلگەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بىر كىشىنىڭ سەپنىڭ كەينىدە يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ. شۇڭا بىر كىشى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كەلسە، بىراق سەپ توشۇپ كەتكەن بولۇپ، سەپتە سىغالغۇدەك بىر يەر تاپالمىسا، ئاستاغىنا باراۋەر تۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى سەپتىن بىر كىشىنى ئارقىغا تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يېڭى بىر سەپ تۈزۈپ ناماز ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى باتىلدۇر.

يەنە سالىھ كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان پاسىقلىق ۋە جاھىللىق بىلەن ئەيىپلەنگەن كىشىلەرنىڭ نامازدا جامائەتكە ئىمام بولۇشى ياخشى ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىدىن ئىلىملىكراق، تەقۋادار ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولۇشى ئۈچۈن مېھرابتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ئىماملىققا لاياقەتلىك كىشىلەرنىڭلا سايلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئىماملار بىز بىلەن پەرۋەردىگارىمىز ئارىسىدا ئەلچىلىرىمىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنى ساداقەتلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى (نامايەن قىلىشى) ئۈچۈن بۇ ئەلچىلەرنى بىزنىڭ ياخشىلىرىمىز ئارىسىدىن سايلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (اجْعَلُوا أَئِمَتَكُمْ خِيَارَكُمْ، فَإِنَهُمْ وَفْدُكُمْ فِيمَا بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ رَبِكُمْ) «ئىماملىرىڭلارنى ئىچىڭلاردىكى ياخشى كىشىلەردىن قىلىڭلار،

چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئاراڭلاردىكى ئەلچىلىرىڭلاردۇر». يەنە ئىمامى ھاكىم مەرسەدۇل غەنەۋىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ون سركم ۆن تقبل پلاتكم فليۋمكم خياركم فونهم وفدكم فيما بينكم وبين ربكم) «نامىزىڭلارنىڭ مەقبۇل بولۇشى سىلەرنى خۇشاللاندۇرىدۇرىدىغان بولسا سىلەرگە ئەڭ ياخشىڭلار ئىمام بولسۇن، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئاراڭلاردىكى ئەلچىلەردۇر».

## سەپەردە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَةَ وَلِتُكَبِرُوا اللهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىڭلار ئۈچۈن ئۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنى) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ»، (بەقەر سۈرىسى 185 - ئايەت).

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام دىنى داۋاملىق ۋە ئەبەدىي ھېچقانداق بىر جان ئىگىسىنى كۆچى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا مەسئۇل قىلمايدۇ ۋە تاقىتى يەتمەيدىغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا يۈكلىمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن سەپەردە قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن جانابى ئاللاھ تۆت رەكئەتلىك نامازلارنى ئىككى رەكئەت قىلىپ قىسقارتىپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە نامازلار ئىككى رەكئەتتىن پەرز قىلىنغان بولۇپ، سەپەردە بۇنىڭ ئەسلىدىكىدەك ئوقۇلىشىنى، ئۆز مەھەللىسىدە بولسا كۆپەيتىپ ئوقۇشنى قارارلاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا سىز سەپەردىكى ۋاقتىلىرىڭىزدا نامازلىرىڭىزنى قىسقارتىپ پىشىن، نامازدىگەر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى تۆت رەكئەت ئەمەس، ئىككى رەكئەت ئوقۇڭ، بامدات نامىزى بىلەن شام نامازلىرى بولسا قىسقارتىلماستىن ئەسلىدىكىدەك ئوقۇلىدۇ.

سۈننەت ۋە نەپلى نامازلىرى بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى بىلەن ۋىترىنىلا ئوقۇيسىز. نامازنىڭ قىسقارتىلىشى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇتەقى بەندىلىرىگە بېرىلگەن بىر رۇخسەت ۋە ھەدىيە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلىشلىرى لازىمدۇر، چۈنكى جانابى ئاللاھ: "تەلەپ قىلىنغا ئىشلارنى قىلىشىمىزنى ياخشى كۆرگىنىدەك رۇخسەتكە ئەمەل قىلىشىمىزنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ"،

شۇڭلاشقا، سەپەردە نامازلىرىڭىزنى قىسقا ئوقۇڭ، چۈنكى بۇ ۋاجىبتۇر. سەپەردە سىز مەيلى ئايروپىلاندا بولۇڭ مەيلى ماشىنىدا، مەيلى پاراخوتتا بولۇڭ مەيلى پويىزدا، مەيلى تۆگە بىلەن سەپەر قىلىڭ مەيلى پىيادە، ھەممىسى سەپەر دېيىلىدۇ ۋە سەپەر بولغانىكەن ھەممىسىدە ئوخشاشلا ناماز قىسقارتىلىپ ئوقۇلىدۇ.

كىشى سەپەردىلا بولىدىكەن ناماز قىسقارتىلىپ ئوقۇلىۋىرىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ كىشى بارغان يېرىدە تۇرۇپ قالماقچى ياكى ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالماقچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا نامازلىرىنى تۆت رەكئەت ھالەتتە تولۇق ئوقۇيدۇ. لېكىن ئىماملارنىڭ ئارىسىدا نامازنى تولۇق ئوقۇش ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدىغان مۇددەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر.

بۇ توغرىدا ئىمامى شافىئى (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "بىر يەردە تۆت كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ يەرگە بارغان ھامان ئۇنىڭ سەپىرى تۈگىگەن بولىدۇ" پرىنسىپلەر ناملىق كىتابىدا بولسا مۇنداق دەيدۇ: "ئەقىلغا ئۇيغۇن بولغان پىكىرگە بىنائەن ئۇ يەرگە كىرگەن ۋە چىققان كۈنى ھېسابلانمايدۇ". ئىمامى ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "بىر شەھەردە ياكى يېزىدا 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق تۇرۇشنى نىيەت قىلمىغۇچىلىك مۇساپىرلىق ھۆكمى كۈچكە ئىگىدۇر". باشقا مەزھەبلەرنىڭ

پىكرىچە ئۇنىڭ تۇرىدىغان يېرى مەلۇم بولغۇچىلىك نامازلىرىنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا 18 ياكى 19 كۈن نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغان.

بىر كىشى شەھەرگە كىرسە، ئەمما لېكىن ئۇ يەردە مۇنچىلىك ۋاقىت تۇرىمەن دېگەننى نىيەت قىلماستىن ئەتە ياكى ئۆگۈن قايتىپ كېتىمەن، دەپ قايتىپ كېتىش نىسىپ بولماي ئاشۇنداق قەپقىلىۋەرسە، مۇشۇ خىل ھالەتتە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا نامازلىرىنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. كىشى تۇرۇش نىيىتى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى ياشايدىغان شەھەرگە قايتىپ كەلگەن ھامان نامازلىرىنى تولۇق ئوقۇشقا باشلايدۇ. سەپەردە نامازلىرى قازا بولۇپ كەتكەن كىشى قاراپ بولۇپ كەتكەن نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئۆزى ياشايدىغان يەردە ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: بىر باغداتلىق مىسىرغا سەپەر قىلىپ بارسا ۋە پېشىنىنىڭ ۋاقتى كىرسە، بىراق ئۇ سەپەر مەشغۇلىيەتلىرى بىلەن ئۇنى ئادا قىلماستىن ئايرۇپىلانغا چىقىپ باغداتقا ئەسىردىن كېيىن كەلگەن بولسا بۇ كىشى پېشىننى ئىككى رەكئەت، ناماز ئەسىرنى بولسا تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ. يەنە ئەكسىچە ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى دىيارىدا بىر نامىزى قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، سەپەر ئۈستىدە ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان سەپەرنىڭ مۇددىتى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولۇپ، بەزىسى، تۆگە ۋە پىيادە مېڭىشتا ئۈچ كېچە كۈندۈز دېگەن بولسا، بەزىلەر بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرنى بايان قىلغان. ھەدىسنى ئاساس قىلىدىغانلار بولسا مۇنداق دەيدۇ: ”يولۇچى نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدىغان يول مۇساپىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بىر رىۋايەت يوق. شۇڭا سەپەرنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەتتىكى ئۇقۇمغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ توغرىدىكى ئايەت: ﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلاَةِ﴾ «سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ»، (نىسا سۈرىسى 101 - ئايەت).

بۇ توغرىدا شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەھيا ئىبنى يەزىد ئەلھۇنائىنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ”مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش توغرىسىدا بىر سوئال سورىغانىدىم“، ئۇ مۇنداق دېدى: ”رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچ مىل[1] ياكى ئۈچ پەرسەخ[2] يىراقلىقتا بىر يەرگە بارسا نامازنى (قىسقارتىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى“.

يولۇچى ئۆزى ياشىغان شەھەر ياكى يېزىنى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭ ئەتراپ ۋە باغ - بوستانلىقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولمىغۇچىلىك ئۆيىدىن سەپەر ئۈچۈن چىقار - چىقمايلا نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشقا باشلىمايدۇ.

يولۇچىنىڭ (بارغان يېرىدە ياكى يول ئۈستىدە) ئۆز مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئىمام بولىشى جائىز بولۇپ، ئۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار بولسا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا نامازلىرىنى تولۇقلىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ يولۇچى ئىمامنىڭ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا: «مەن يولۇچى، سىلەر نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋېلىڭلار» دېيىشى مۇستەھەبتۇر.

[1]- بىر مىل - 1848 مېتىر.

[2]- بىر پەرسەخ - ئۈچ مىلغا تەڭ.

شۇنىڭدەك، يۇلۇچىنىڭ ئۆز مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەقتىدا قىلىشى جائىزدۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئىمام ۋە جامائەتكە ئەگىشىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە نامازنى تولۇق ئوقۇشى جائىز بولغىنىدەك، قىسقارتىپ ئوقۇشىمۇ جائىزدۇر. ئەمما ئىمامى ئەھمەد مۇسنەد ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئىككىلىسىدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسقا بىنائەن تولۇق ئوقۇش ئەۋزەلراقتۇر:

«ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نامىزى يالغۇز بولسا ئىككى رەكئەت، ئىقتىدا قىلغاندا تۆت رەكئەت ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانىنىڭ ئەھۋالى سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: ئەنە شۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر».

يەنە ئىمام مۇسلىم (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ توغرىدا رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى نەقىل قىلىدۇ: ”يۇلۇچى بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغاندا، تۆت رەكئەتلىك نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ، يالغۇز ئوقۇغاندا بولسا ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ“، (مۇسلىم رىۋايىتى).

## ئىككى نامازنى جۇغلاپ بىرلىكتە ئوقۇش توغرىسىدا

يۇلۇچىنىڭ ئىككى ۋاخ نامازنى جۇغلاپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشى جائىزدۇر. مەسىلەن: پېشىننى ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. يەنى ئەۋۋەل پېشىننى، ئاندىن ناماز ئەسىرنى بىر ئەزان بىلەن ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇيدۇ. مانا بۇنىڭغا كېچىكتۈرۈپ جۇغلاپ ئوقۇش مەنىسىدە جەمئى تەخىر دېيىلىدۇ.

يەنە بىر خىل جۇغلاپ ئوقۇش بولۇپ، بۇنىڭغا ئالدىغا ئېلىنغان جۇغلاش مەنىسىدە جەمئى تەقدىم دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ناماز ئەسرى ئالدىغا ئېلىنىپ پېشىننىڭ ۋاقتىدا پېشىن بىلەن بىرگە ياكى خۇپتەن ئالدىغا ئېلىنىپ ناماز شامنىڭ ۋاقتىدا ناماز شام بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. بۇخىل جۇغلاپ ئوقۇش توغرىسىدا بىر قىسىم ئىماملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولسىمۇ، توغرىسى ئېھتىياج بولغاندا بۇنداق جۇغلاپ ئوقۇشنىڭ جائىز بولىدىغانلىقىغا ئائىت پىكىردۇر.

ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تۆۋەندىكى ھەدىسنى نەقىل قىلىدۇ: (أن النبي صلى الله عليه وسلم كان في غزوة تبوك إذا ارتحل قبل أن تزيغ الشمس أخر الظهر حتى يجمعهما إلى العصر يصليها جميعـا، وإذا ارتحل بعد أن تزيغ الشمس صلى الظهر والعصر جميعـا ثم سـار) «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدا كۈن ئېگىلىشتىن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ قالغاندا پېشىننى ناماز ئەسرگىچە كېچىكتۈرۈپ جۇغلاش ئارقىلىق ئىككىسىنى بىرلىكتە ئەسرنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇيتتى. كۈن ئېگىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلغان بولسا، پېشىن بىلەن ناماز ئەسرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغاندىن كېيىن ھەرىكەتلىنەتتى» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا (....خۇپتەن بىلەن ناماز شامنىڭ ئارىسىنى) جۈملىسى ئارتۇقتۇر.

پېشىن بىلەن ئەسر ۋە خۇپتەن بىلەن نامازشامدىن باشقا نامازلارنى جۇغلاپ بىرلىكتە ئوقۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ناماز شام بىلەن ناماز ئەسرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش جائىز ئەمەس. دېمەككى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا جائىز بولۇپ، باشقا نامازلاردا جائىز ئەمەس، نامازنى جۇغلاپ بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشنىڭ سەۋەبى بولسا ئىنسانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشتۇر.

# جۈمە نامىزى

ئىسلام بىرلىك ۋە ئۆملۈكنى ياخشى كۆرىدىغان، بىرلىشىشكە چاقىرىدىغان، ئىتتىپاقسىزلىقنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرىدىغان، كاتتا ئۆملۈك دىنى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇشىغا، دوستلۇق قۇرۇشىغا ۋە بىر يەردە جەم بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇسۇلمانلارنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

جۈمە كۈنى ئىسلام دىنى ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن كۈنلەردىن بىرىدۇر. جۈمە كۈنى كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك كۈن بولغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇ كۈنىدە ئاللاھنى زىكىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن قول ئۈزگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدە جۈغلىشىدۇ ۋە ھەپتىدە بىر بولىدىغان بۇ چوڭ يىغىلىشتا خاتىپلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن ئالىملارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سالىدۇ.

جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەپتىلىك مەسىلىلىرىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرىدىغان دەرسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خۇتبە دىنلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ساقلاپ قېلىشلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ھاياتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر ئىشنى ئىسلامنىڭ نۇرى ۋە يولييورۇقلىرىغا ئۇيغۇن قىلىشقا داۋاملىق ۋە يېڭىدىن چاقىرىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر ۋەسىلىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار تەقۋا ۋە دىندارلا بولىدىكەن ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە ئەزىز بولىدۇ.

جۈمە نامىزى قۇرئان كەرىمدە ئۈچۈق بايان قىلىنغان جانابى ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن ھېكمەتلىك بىر پەرز بولۇپ، ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ * فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»، (جۈمە سۈرىسى 9 - 10 - ئايەتلەر).

جۈمە نامىزى بالاغەتكە يەتكەن، ئەركىن (ئازات)، مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئەرلەرگە ۋاجىب بىر ھەق بولۇپ، يېزىدا بولسىمۇ ئۆز مەھەللىسىدە ئولتۇرىۋاتقان مۇسۇلمانلار جامائەتكە ۋاجىبتۇر. بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر: (ونه هم بوچراق من تخلق ىنها) «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىغا بارمىغۇچىلارنى ئۇتقا تاشلاپ كۆيدۈرىۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى»، (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنى ئاللاھ پەرز قىلغاندىن تارتىپ ئاخىرقى ئۆمرىگىچىلىك دائىم ئوقۇغان. رەسۇلۇللاھ مىنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنى چەكلەش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

(لينتهن أقوام عن ودعهم ـ تركهم ـ الجمعات أو ليختمن الله على قلوبهم، ثم ليكونن من الغـافلين) «بىر قەۋم جۈمە نامازلىرىنى تەرك قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىغا مۆھور بېسىۋاتىدۇ، ئاندىن ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ»، (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **( من ترك ثلاث جمع تاونا طبع الله قلبه)** «ئەھمىيەتسىزلىك بىلەن قاراپ ئۈچ جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ دىلىغا ئاللاھ مۆھور بېسىۋېتىدۇ»، (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

تۆۋەندىكىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە نامىزى پەرز قىلىنغان كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ بىر قىسمىدۇر: **(واعلموا أن الله افترض عليكم الجمعة في مقامي هذا، في يومي هذا، في شهري هذا، من عامي هذا إلى يوم القيامـة فمن تركها في حياتي أو بعدي وله إمام عادل أو جائر استخفافا با وجحودا لها، فلا جمع الله شمله، ولا بارك له في أمـره، ألا ولا صلاة له، ألا ولا زاكاة له، ألا ولا صوم له، ألا ولا بر له حتى يتوب، فمن تاب، تاب الله عليه)** «بىلىپ قويۇڭلاركى، جانابى ئاللاھ سىلەرگە جۈمە نامىزىنى مېنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدا، مۇشۇ ئايدا ۋە مۇشۇ كۈندە قىيامەت كۈنىگىچە پەرز قىلدى. شۇڭا ئۇنى مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدا ياكى مەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئادىل ياكى زالىم بىر باشلىقى تۇرۇغلۇق كۆزگە ئىلمەستىن ۋە ياكى ئىنكار قىلىپ تەرك قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرلىكىنى ئاللاھ قوغدىمايدۇ، ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرمەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار، بۇنداق كىشىنىڭ بەرگەن زاكىتى قوبۇل بولمايدۇ. يەنە دىققەت قىلىڭلار، بۇنداق كىشىنىڭ قىلغان ھېچقانداق بىر ياخشىلىقى قوبۇل بولمايدۇ. ئەمما تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ». (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

## جۈمە نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

جۈمە نامىزى مۇسۇلمانلار جۇغلۇشۇپ،ئىمام خۇتبە ئوقۇپ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان مەسجىدلەردىن باشقا جايلاردا ئوقۇلمايدۇ. جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولسا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ئەمما كۈن ئېگىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ دەيدىغانلارمۇ باردۇر.

جۈمە كۈنىدە مۇنچىغا كىرىپ غۇسلى قىلىش، ئاندىن پاك ۋە چىرايلىق پۇرايدىغان (ئەترگە ئوخشاش) خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئەڭ گۈزەل ۋە پاك كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن، ئېغىر بېسىقلىق ۋە سالماقلىق بىلەن مەسجىدكە بېرىش سۈننەتتۇر.

مەسجىدكە كىرىۋېتىپ: ”ئى ئاللاھ بىزگە رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتكىن“ دەيسىز. نامازنى كۈتۈش ئۈچۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ”تەھىيەتۇل مەسجىد“ (مەسجىدكە سالام بېرىش) نامىزى ئوقۇيسىز، چۈنكى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(إذا دخل أحدكم المسجد فلا يجلس حتى يصلي ركعتين)** «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرمىسۇن»، (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرىسىز ۋە ئوقۇلغان قۇرئاننى تىڭشايسىز ۋە ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە پىكىر ـ تەپەككۇر قىلىسىز. ئەگەر قۇرئان ئوقۇيدىغا كىشى بولمىسا پىكىر ـ تەپەككۇ قىلغان ۋە ياكى ئىچىڭىزدە ئاللاھنى ياد قىلغان ھالدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇڭ، نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە مۇئەززىن ئەزان ئوقۇيدۇ ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقان بولسا ئۇ تۆگەيدۇ. ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خاتىپ مىنبەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئىككى ۋە ياكى تۆت رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ نەپلى بولۇپ، بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك جۈمەنىڭ تەكتلەنگەن سۈننىتى ئەمەس. ھەر قانداق ئەھۋالدا نەپلى ناماز ئوقۇش ياخشىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئانچە ۋە ياكى مانچە رەكئەت دېمەستىن جۈمە كۈنلۈكتە نەپلى ناماز ئوقۇشقا قىزىقتۇراتتى.

ئالىملارمۇ، ئىمام خۇتبىگە چىقمىغانلار بولسا، جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى نەپلى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئىمام خۇتبىگە چىققاندىن كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇغىلى بولمىغىنىدەك، سۆز قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

بۇ نەپلى نامازدىن كېيىن خاتىپنىڭ مىنبەرگە چىقىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، بۇ ۋاقىتتا سىزمۇ مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزاننى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەكرارلىغاندىن كېيىن پۈتۈن دىققىتىڭىز بىلەن خۇتبىنى تىڭشاڭ. خۇتبە ئوقۇلىۋاتقاندا سۆز قىلىش ھارام بولۇپ، يېنىڭىزدا ئولتۇرغان كىشى سۆز قىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا «سۆز قىلماڭ» دېسىڭىزمۇ قالايمىقان گەپ قىلغان بولۇپ قالىسىز، قالايمىقان گەپ قىلغۇچىلارنىڭ بولسا جۈمە نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.

خاتىپ خۇتبە ئارىسىدا بىر ئولتۇرۇش بىلەن ئوقۇيدىغان ئىككى خۇتبىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن مىنبەردىن چۈشىدۇ، ئاندىن تەكبىر ئوقۇلىدۇ. ئىمام كىشىلەرگە جۈمە نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئىنسانلار بولسا ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدۇ، يەنى جۈمە نامىزىنىڭ پەرزى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. لېكىن بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى بامدات نامىزىدا، بامداتنىڭ پەرزىگە نىيەت قىلىسىز، ئەمما بۇ نامازدا بولسا جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىگە نىيەت قىلىسىز.

جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمام سالام بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سالام بېرىدۇ. پەرز سالام بىلەن تۈگىگەندىن كېيىن خالىسىڭىز مەسجىدتە، خالىسىڭىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ جۈمەنىڭ كېيىنكى سۈننىتىنى ئوقۇيسىز.

جۈمەنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان بۇ سۈننەت بولسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە بىنائەن تۆت رەكئەتتۇر: (إذا صلى أحدكم الجمعة فليصل بعدها أربعا) «سىلەرنىڭ بىرىڭلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇ سۈننەتنىڭ پەقەتلا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدىغانلىقىغا دائىرمۇ رىۋايەتلەر باردۇر. (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم)

مانا بۇ سۈننەت بىلەن جۈمە نامىزى، ئۇنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئەدەپ ئەركانلىرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ يەريۈزىگە تارقىلىپ ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان رىزقىنى ئىزدىشى كېرەك.

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انفَضُوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا قُلْ مَا عِنْدَ اللهِ خَيْرٌ مِنَ اللَّهْوِ وَمِنَ التِّجَارَةِ وَاللهُ خَيْرُ الرَّازِقِينَ) «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»، (جۈمە سۈرىسى 10 - ئايەت).

## ھېيت نامازلىرى

1- رۇزى ھېيت نامىزى

2- قۇربان ھېيت نامىزى

ئىككىلىسى ئىمام قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت ناماز بولۇپ، بۇ نامازلاردا ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتىلمىغىنىدەك، پەرزدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھېچقانداق بىر ناماز ئوقۇلمايدۇ. بۇ ئىككى ناماز كۈن توغۇپ 20 مىنۇتتىن كېيىن ئوقۇلىدۇ، ئەمما ۋاقتى بولسا كۈن تۇغۇپ 20 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ كۈن ئېگىلگۈچىلىكتۇر.

## روٗزا ھېيت نامىزى

مۇسۇلمانلار مۇبارەك رامىزان ئېيىدا پەرز بولغان روٗزىنى تۇتۇپ ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن داۋام قىلىدىغان ”روٗزا ھېيت“ مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇ ھېيت - بايرامنى جانابى ئاللاھ ئۈچۈن خالىسانە ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقان ھالدا قارشى ئالىدۇ.

مۇسۇلمانلار شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن (ئەگەر يېتىشەلمىگەن بولسا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن) غۇسلى قىلىپ، چىرايلىق كېيىنىپ، خۇشپۇراق ئىشلىتىپ، بىردانە خورما بىلەن بولسىمۇ ئېپتار قىلغاندىن كېيىن مەسجىدكە چىقىشى لازىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روٗزى ھېيتتا قىلغان ئىشلىرىدۇر.

ھېيت كېچىسىدىن باشلاپ تەكبىر ئېيتىشقا باشلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار ھېچقانداق ناماز ئوقۇماستىن مەسجىدكە كېلىپ، كۈن چىققۇچىلىك ئوقۇلىۋاتقان قۇرئان كەرىمنى تىڭشايدۇ. كۈن چىقىپ تەخمىنەن 20 مىنۇتتىن كېيىن يەنى كۈن ئۇچۇق كۆرىنىدىغان بولغاندا ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئىنسانلارغا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئىنسانلارمۇ سەپكە تىزىلىپ، سەپلىرىنى راۋ رۇس قىلغاندىن كېيىن ئىمام تەكبىر تەھرىمە ئېيتىدۇ. ئىنسانلارمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن ھەممە بىرلىكتە نامازغا باشلاش دۇئاسىنى (سـبحانك اللـهم و بحمـدك...) ئاخىرىغىچە ياكى (إني وجهت وجهي للذي....) دۇئاسىنى ئاخىرىغىچە ئىچىدە ئوقۇيدۇ.

ئاندىن ئىمام تەكبىر تەھرىمگە ئوخشاش 6 قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىدۇ، ھەم ئىمام ھەمدە جامائەت ھەر تەكبىر بىلەن بىرلىكتە قوللىرىنى قولاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتىرىدۇ ۋە ھەممە كىشى بىر تەكبىر بىلەن يەنە بىر تەكبىر ئارىلىقىدا مەخپى ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيدۇ: (سبحان الله، والحمد لله، ولاإلـه إلا الله، والله أكـبر) تەكبىر تەھرىمنى قوشقاندا بۇ ئالتە تەكبىر بىلەن يەتتە قېتىم تەكبىر ئېيتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىرائەتتىن بۇرۇن ئېيتىلىدىغان تەكبىرلەردۇر.

ئاندىن ئىمام جەھرەن سۈرە پاتىھەنى ئوقۇغاندىن كېيىن (سبح اسم ربك الأعلى) سۈرىسىنى ئوقۇش ياخشى، ئاندىن باشقا نامازلاردىكىگە ئوخشاش رۇكۇ سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ قىرائەتتىن بۇرۇن 5 قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە بۇ تەكبىرلەرنى ئېيتقاندا بىر تەكبىر بىلەن يەنە بىر تەكبىر ئارىسىدا (سبحان الله، والحمد لله، ولا إله إلا الله، والله أكـبر) دەيدۇ. تەكبىردىن كېيىن سۈرە پاتىھەنى ئوقۇيدۇ، غاشىيە سۈرىسىنى ئوقۇش ياخشى، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندىن كېيىن تەشەھھۇدقا ئولتۇرىدۇ ۋە ئەتتەھىياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بىلەن نامازدىن چىقىدۇ. سالام بەرگەندىن كېيىن ئىمام تۆۋەندىكىدەك تەكبىر ئېيتىدۇ، جامائەتمۇ ئىمام بىلەن بىرلىكتە تەكبىر ئېيتىدۇ: الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، لاإله إلا الله والله أكبر، الله أكبر ولله الحمد.

بۇ تەكبىرلەر بىلەن ناماز ئاخىرلىشىدۇ، ئاندىن كېيىن خاتىپ ھېيت - بايرام خۇتبىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن مىنبەرگە چىقىدۇ. بۇ خۇتبە ئۇلۇغ ھېيتنىڭ ئەھمىيىتى، بىر - بىرىگە نەسىھەت، كەڭ قورساق بولۇش، بىر - بىرىنى زىيارەت قىلىش، بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە بۇ ياخشىلىقنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش، رەھىم - شەپقەتلىك ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئىتتىپاقسىزلىق، ئىككى يۈزلۈك، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاردىن چەكلەيدىغان ھېيتتا ۋە داۋاملىق

مۇسۇلمانلارنىڭ دىققەت قىلىشى لازىم بولغان ئىسلام دىنى چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىدا ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەدەپ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلىش تەشۋىق قىلغان مۇھىم مەزمۇنلاردا سۆز قىلىدۇ.

خۇتبىدىن كېيىن خاتىپ مىنبەردىن چۈشۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ھېيت ـ بايرىمىنى تەبرىكلىشىدۇ ۋە خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

## قۇربان ھېيت نامىزى

قۇربان ھېيت نامىزى تەكبىرلىرى، قىرائىتى ۋە شەكلى جەھەتتىن تامامەن رۇزى ھېيت نامىزىغا ئوخشايدۇ، پەقەت بىرلا ئوخشمايدىغان تەرىپى نىيەت قىلىشتا بولۇپ، رۇزى ھېيت نامىزىدا رۇزا ھېيت نامىزىغا، قۇربان ھېيت نامىزىدا بولسا قۇربان ھېيت نامىزىغا نىيەت قىلىسىز.

يەنە بىر ئوخشىمايدىغان تەرىپى رۇزا ھېيتتا ئۆيىڭىزدىن چىقىپ مەسجىدكە بېرىپ بولغۇچە ئارىلىقتا تەكبىر ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن قۇربان ھېيتتا بولسا ئۆيىڭىز بولسا ئۆيىڭىزدىن چىققاندىن تارتىپ مەسجىدكە بېرىپ بولغۇچىلىك تەكبىر ئېيتىشىڭىز سۈننەتتۇر.

مۇھىم ئىلاۋىلەر

چوڭ ئالىملار، ئىككى ھېيت نامىزى توغرىسىدا مەن سىزگە يۇقىرىدا نەقىل قىلىپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر پىكىردە بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تەكبىر ۋە ئۇنىڭ قېتىم سانى توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان دەلىللەر بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بۇ توغرىدا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرراقى ۋە ئەڭ دەلىللىكرەكى مەن يۇقىرىدا سىلەرگە نەقىل قىلىپ ئۆتكەن تەكبىرنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە يەتتە، ئىككىنچى رەكئەتتە بەش تەكبىردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كۆپچىلىك مەزھەبنىڭ پىكرىدۇر.

بۇ پىكىر ھەنەفى مەزھىبىنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن بۇرۇن تەكبىر تەھرىمە بىلەن قوشۇپ تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن، يەنە بىر تەكبىر بىلەن رۇكۇغا بارىدۇ، دېگەن پىكرىگە خىلاپتۇر. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار قوللىرىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدۇ. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ئىككىلىسى توغرا بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزلىرىگە يارىشا دەلىللىرى باردۇر.

## ھېيت نامازلىرىدا ئاياللارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىز ـ چوكان، ياش ـ قېرى دېمەستىن ئاياللارنى ئۆيلىرىدىن چىقىپ رۇزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىغا بېرىشقا بۇيرىغان. ھەتتا ھەيىزدار ئاياللارنىڭمۇ ھېيت نامىزىغا بېرىشىنى، لېكىن شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بىر تۇسالغۇ سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇمىسىمۇ ياخشىلىقتا ھازىر بولۇشلىرىنى، خۇتبە ۋە دۇئانى تىڭشاشلىرىنى بۇيرىغان. ئەنسارلاردىن بولغان ھارىسىنىڭ قىزى ۋە ئەسلى ئىسمى نەسىيبە بولغان ئۇممى ئەتىييە رىۋايەت قىلىندۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: (أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في الفطر والأضـحى أن تخـرج العواتق، والحيض، ذوات الخدور، ولكن الحيض يعتزلن الصلاة ويشهدن الخير ودعوت المسلمين. قلت: يارسـول الله إحـدنا لا يكون لها جلباب، قال: لتلبسها أختها من جلبابا) «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆيلىنىش يېشىغا كەلگەنلەر بولسۇن، ھەيىزدارلار بولسۇن ياكى ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولغانلار بولسۇن (ھەممە ئاياللارنىڭ) رۇزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت ئوقۇلىدىغان يەرگە بېرىپ ياخشى ئىشلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان دۇئالىرىدا ھازىر بولىشىنى، لېكىن ناماز ئوقۇماسلىقىنى بۇيرىدى. مەن: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئارىمىزدا يۈزىنى يۆگىگۈدەك بىر نەرسىسى يوقلار بار،

بۇلار قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا قىز قېرىنداشى (يۇگەنگۇدەك بىر نەرسە بېرىپ) ئۇنى كىيندۇرۇپ قويسۇن. (يەنى ھەممە ئاياللار ھېيت نامىزىغا كەلسۇن)» (ئىمام بۇخارى - مۇسلىم).

## ھېيت نامىزىدا تەكبىر ئېيتىش مەسىلىسى

روزا ھېيتتا مەيلى ئۆيلەردە بولايلى، مەيلى يوللاردا ۋە ياكى بازاردا، مەيلى كېچىدە بولسۇن ياكى كۈندۈزدە، مەيلى ئىنسانلار تىقمى - تىقمان بولغان يەرلەردە مەيلى ئۆز مەھەللىمىزدە بولايلى، مەيلى مۇساپىر، مەيلى ئەر ۋە ياكى ئايال ئومۇمەن كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر روزا ھېيت كېچىسى كۈن چىققاندىن تارتىپ ئىمام نامازغا باشلىغۇچىلىك تەكبىر ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾ «.... ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىگە بىنائەن ئۇنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى» (ھەج سۈرىسى 37 - ئايەت).

يەنە ئۇممى ئەتىيىە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىز (ئاياللار) ھەتتا ھەيزدار بولغانلارمۇ ھېيت نامازلىرىدا نامازگاھقا چىقىشقا بۇيرىلاتتۇق، ئاندىن ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىلايتتى».

قۇربان ھېيتتا تەكبىر ئېيتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىگە بىنائەن ئۇنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى». (ھەج سۈرىسى 37 - ئايەت). ﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ فِي أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ﴾ «سانلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلارر، (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)». (بەقەر سۈرىسى 203 - ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سانلىق كۈنلەردىن مەقسەت، تەشرىق كۈنلىرىدۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ساناقلىق كۈنلەردىن مەقسەد، ئەرەفە كۈنى ئەتتىگىنىدىن مىنادا تۇرىدىغان كۈنلەرنىڭ ئاخىرىغىچىلىكتۇر".

## تەكبىرنىڭ تېكىستى

ئېيتىلىدىغان تەكبىرنىڭ تېكىستى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىكرەكى ئابدۇررازاقنىڭ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توغرا ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان رىۋايىتى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مۇنداق تەكبىر ئېيتىڭلار: الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر، الله أكبر كبيرا" ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن بولسا تۆۋەندىكى تېكىست رىۋايەت قىلىنغان:" الله أكبر، الله أكبر، لاإله إلا الله والله أكبر، الله أكبر و لله الحمد" تەكبىر ئېيتقاندا ئاياللار ئىستىسنا، ئەرلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئېيتىشى مۇستەھەبتۇر.

## جنازە نامىزى

ئىسلام دىنى ئۆلگەندىمۇ ئىنسانلارنى قەدىرلەيدۇ. قاچانكى بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولسا، دىنىمىز بىزنى ئۇنى يۇيۇپ ـ تاراشقا، خۇشپۇراق نەرسىلەر سۈرتۈشكە، كېپەنلەشكە، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا، ئۇنى ئېلىپ قىلىشقا، دەپنە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى.

جىنازە نامىزى پەرزى كۇفايە بولۇپ، بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلار ئوقۇسا باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. بۇ ناماز مەيىت ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتقانلىق ۋە ئۇنىڭغا هۆرمەت قىلغانلىقتىن ئوقۇلىدۇ.

## بۇ ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ

مەيىتنىڭ جىنازىسى قىبلە تەرەپكە قويۇلغاندىن كېيىن ئەگەر ۋاپات قىلغۇچى ئەركىشى بولسا، ئىمام ئۇنىڭ بېشى بىلەن تاغاق سۆڭكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئايال كىشى بولسا جىنازىنىڭ تام ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، جامائەت بولسا ئىمامنىڭ ئوڭ سول ۋە ئارقا تەرىپىدە ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئىمام ھەر تەكبىردە قولنى كۆتۈرگەن ھالدا تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، جامائەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىدۇ.

بىرىنچى تەكبىر:

بىرىنچى تەكبىردە ئىمام ۋە جامائەت "**سبحانك اللهم و بحمدك...**" نى ئاخىرىغىچە، سۈرە پاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى مەخپى ئوقۇيدۇ.

ئىككىنچى تەكبىر:

بۇ تەكبىردە ھەممە كىشى (**اللهم صَل عَلى**) ۋە (**اللهم بارك على**) دۇرۇتلىرىنى ئوقۇيدۇ.

ئۈچىنچى تەكبىر:

بۇ تەكبىردە تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ: (**اللهم اغفر لحينا وميتنا، وشاهدنا، وغائبنا، وصغيرنا، وكبيرنا، وذكرنا، وأنثانا، اللهم من أحييته منا فأحيه على الإسلام ومن توفيته منـا فتوفـه علـى الإيمـان**) (ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلگەنلىرىمىزنى، بۇ يەردە بولغانلارنى ۋە بولالمىغانلارنى، كىچىكلىرىمىزنى ۋە چوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى كەچۈرگىن، ئى ئاللاھ! ئارىمىزدىن بىراۋغا ھاياتلىق بەرمەكچى بولساڭ ئۇنى ئىسلامغا ئۇيغۇن ياشاتقىن، يەنە ئارىمىزدىن بىراۋنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولساڭ، ئۇنى ئىمان بىلەن كەتكىلى نىسىپ قىلغىن).

تۆتىنچى تەكبىر:

نامازغا ھازىر بولغانلار بۇ تەكبىردە مۇنۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدۇ: "**اللهم لاتحرمنا أجره، ولاتفتنا بعده، واغفرلنا وله**" (ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن (ئايرىلغاندىن) كېيىن بىزنى ئازدۇرمىغىن ۋە ھەم بىزنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ (گۇناھلىرىنى) كەچۈرگىن). ئاندىن كېيىن ئىمام جىنازە نامىزىنى "**السـلام علـيكم ورحمة الله**" دەپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش بىلەن تۈگىتىدۇ.

ھەنبەلى مەزھەبىنىڭ پىكرىچە بولسا ئىمام پەقەتلا ئوڭ تەرىپكە سالام بېرىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى توغرىدۇر.

## كىچىك بالا بىلەن غايىبتىكى كىشلەرنىڭ نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى

ۋاپات قىلغۇچى كىچىك بالا بولسا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر. جىنازە نامىزى ئوقۇغان كىشى ئۈچىنچى تەكبىردە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، (**ومن توفيته منـا فتوفـه علـى الإيمـان**) جۈملىسىنىڭ

ئاخىرىدا ”اللهم اجعل ذخرا لوالديه وفرطا وأجرا وشفيعا ومجازا. اللهم ثقل به موزاينهما، وأعظم به أجورهما، وألحقه بصالح المؤمنين. وقه برحمتك عذاب الجحيم“.

(ئى ئاللاھ! ئۇنى ئۇچۇن زاپاس ئەجىر، كۆپ ئەجىر ۋەسىلىسى ۋە شاپائەتچى قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېغىر قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئەجرىنى چوڭ قىلغىن ۋە ئۇنى سالىھ مۆمىنلەرگە قوشقىن، ئۇنى ئۆز شەپقىتىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن).

ئۆزى بولمىغان يەنى غايىپ كىشىلەرگە جىنازە نامىزى ئوقۇش جائىز بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەجاشى ئۆلۈپ كەتكەندە، يوق يېرىدە جىنازە نامىزى ئوقۇغان ۋە شۇندىن بۇيان بۇ سۈننەت بولغان. بىركىشىنىڭ غايىپتا نامىزىنى ئوقۇش جائىز بولغىنىدەك، بىر جامائەتنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشمۇ جائىزدۇر.

مەسىلەن، بىر يەدە بىر گۇرۇپ مۇسۇلمان شەھىد قىلىنغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ غايىپتىن ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشى لازىم.

نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەييىت ئاخىرقى ياتىدىغان يېرى بولغان يېرىگە چوڭقۇر ئىھتىرام، ھەيۋەت ۋە دۇئالار بىلەن كۆتۈرىلىدۇ. ئۇ ئەبەدىي قالىدىغان ئورنىغا يولغا سېلىنىۋاتقاندا قەبرىستانغا بارغۇچىلارنىڭ مەييىتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم سوئال سورايدىغان ئىككى پەرىشتىگە ياخشى جاۋاپ بېرەلىشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەييىت بىلەن بىرگە قەبرىستانغا بارغۇچىلارغا مەييىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيىتى: ”قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھتىن) مەغپىرەت تىلەڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرەنمەسلىك تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ھازىر سوئال ـ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ“، (ئەبۇ داۋۇد)

جانابى ئاللاھ (پەرىشتىلەرگە) جاۋاب بەرگەندە تەۋرەنمەسلىك ئىلھام قىلسۇن. چۈنكى ھەممە جانلىق ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. ئاللاھ بىزنىڭ دۇنيادا غېرىپ ـ بىچارىلىكىمىزگە، ئۆلگەندە بولسا بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىزدە، قەبرىدىكى يالغۇزلىقىمىزدا، ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىزگە رەھىم ـ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن ۋە بىزگە سەكراتتا بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرسۇن. چۈنكى جانابى ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

## ئىستىخارە نامىزى

مۇسۇلمان ھەر ئىشتا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن ياردەم ۋە كۈچ تىلەيدۇ. بىشىغا بىر ئىش كەلسە ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇق ۋە غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن راھەتلەندۈرىدىغان ناماز ئوقۇشقا ئالدىرايدۇ. يەنە ئۇ مۇھىم بىر ئىش قىلماقچى بولغاندا ناماز ئوقۇپ، قىلماقچى بولغان ئۇ ئىشنى قىلسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ. ئەگەر جانابى ئاللاھ ئۇنى بىر ئىشنى قىلىشتا توغرا يولنى كۆرسەتسە ئۇ ئىشقا ئاتلىنىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانىكەن ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىشىغا قارىماستىن ئالدىغا ئىلگىرلەيدۇ.

ئەگەر پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا قىلماقچى بولغان ئىشنى تەرك قىلىشنى ئىلھام قىلسا ئۇنىڭغا ھېچ قاراپ قالماستىن تاشلىۋېتىپ، باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

دېمەك، ئىستىخارە نامىزى جانابى ئاللاھنىڭ بىر نېمىتى بولۇپ، بەتدىلىرى ئۇ ناماز ئارقىلىق پەرەردىگارىغا قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر

ئىلھام بېرىشنى سوراپ يۈزلىنىدۇ ۋە جانابى ئاللاھتىن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئىلھام قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئىستىخارە نامىزىنى خۇددى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكەن.

شۇڭا ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! بىر ئىشنى قىلماقچى بولغىنىڭىزدا ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن ئۇ ئىشنىڭ سىز ئۈچۈن ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سوراڭ ۋە ئۇ ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتىن ئىبارەت پەرۋەردىگارىڭىز كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىڭ.

ئىستىخارە نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىغا كەلسەك، كىشى پەرزدىن تاشقىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بىلەن نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن كۆڭلىنىڭ مايىللىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر كۆڭلى ئۇ ئىشنى قىلىشقا مايىل بولسا قىلىشقا ئاتلىنىدۇ، ئەگەر قىلماسلىققا مايىل بولسا ئۇ ئىشنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان باشقا بىر ئىشنى قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. چۈنكى بىر مۇسۇلمان بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلمىغان بولسا، جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئىشنى توغرىلاپ بېرىدۇ.

بۇ توغرىدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلىرى ۋە بىزگە ئىستىخارەنى ئۆگەتكەن كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىچىڭلاردىن بىرىڭلار بىر ئىش قىلماقچى بولسا پەرزدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلسۇن: (**اللهم إني أسـتخيرك بعلمك وأستقدرك بقدرتك وأسئلك من فضلك العظيم، فإنك تقدر ولا أقدر، وتعلم ولا أعلم، وأنت علام الغيـوب. اللـهم إن كنت تعلم أن هذا الأمر (ويسمي الأمر الذي هم بفعله) خير لي في ديني، و معاشي، وعاقبة أمري، أو قال ـ عاجل أمري وآجله ـ فاقدره لي، ويسره لي، ثم بارك لي، وإن كنت تعلم أن هذا (ويسميه أيضا) شر لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري، أول قال ـ في عاجل أمري وآجله ـ فاصرفه عني واصرفني عنه، واقدرلي الخير حيث كان، ثم أرضني به**“.

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! جەزمەنكى مەن سېنىڭ ئىلمىڭغا سىغىنىپ سەندىن مەسلىھەت سورايمەن، قۇدرىتىڭ بىلەن سەندىن ياردەم سورايمەن ۋە سېنىڭ كاتتا نېمىتىڭدىن سورايمەن. چۈنكى سېنىڭ ھەممە ئىشقا كۈچۈڭ يېتىدۇ. ئەمما مېنىڭ يەتمەيدۇ. سەن ھەممىنى بىلىسەن. ئەمما مەن بىلمەيمەن ۋە سەن بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىسەن.

ئى ئاللاھ! (قىلماقچى بولغان ئىشنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ) مۇشۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دۇنيالىقىم، ئاخىرىتىم ۋە بۇ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن (ياكى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە) مەن ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا، بۇ ئىشنى مەن ئۈچۈن تەقدىر قىلغىن، ئاسان قىلغىن ۋە بۇ ئىشتا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ (قىلماقچى بولغان ئىشنى زىكرى قىلىدۇ) مەن ئۈچۈن، دۇنيالىقىم ئۈچۈن، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ۋە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ياخشى بولمايدىغان بولسا، (ياكى ھازىرىم كېلىچىكىم ئۈچۈن) بۇ ئىشنى مەندىن، مېنى بولسا بۇ ئىشتىن ئۇزاقلاشتۇرغىن، ياخشىلىق نەدە بولسا ماڭا ئۇنى تەقدىرقىلغىن، ئاندىن ئۇ ئىشتا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن).

## كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز

ئىسلام دىنى بىزنى ئۆزىنى ئۈستۈن ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بىلەن تەربىيلىدى. بىزگە بىر ئىش بىزنىڭ ئىچىمىزنى پۇشۇرغاندا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان، ئۇنى ئۇلۇغلىغان، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن، ئۇنىڭدىن

مەدەت تىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا چىن قەلبىمىزدىن ئىستىگەن ھالدا ئاللاھقا يالۋۇرۇشنى، ئاندىن كېيىن ئۆزى خالىغانچە قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىرىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئۆگەتتى.

كۈن بىلەن ئاينىڭ تۇتۇلىشى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئۇچۇق - ئاشكارا ۋە چوڭ ئىككى تەبىئى دەلىل بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىنسانلار ئۇنى كۆرگەندە قورقىدۇ ۋە يۈرەكلىرىدە بىر تارلىق ھېس قىلىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى بۇ ئىككى بۇيۇك ۋە ئاشكارا دەلىل ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ دەردىنى تۆكۈشى، پەرۋەردىگارى بىلەن مۇڭدىشىش، بۇ ناماز ۋە مەخپى مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولۇشى، بۇ ئۇچۇق - ئاشكارا دەلىللەردىن بىر ئىبرەت چىقىرىشنى ئەسلىتىدىغان خاتىپلەرنىڭ خۇتبىلىرىنى تىڭشىشى، غاپىل نەپسلەرنىڭ ياراتقۇچىنىڭ بۇيۇكلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆزى تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى بىلەن كائىناتتا قانداق خالىسا شۇ بويىچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىغا دىققەتلىرىنى بورۇش ئۈچۈن بۇ ئىككى بۇيۇك ۋە ئاشكار دەلىلنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان خۇسۇسى بىر نامازنى يولغا قويدى. بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ) «كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىك ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر...» (پۇسسىلەت سۈرىسى 37 - ئايەت).

ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن سورۇلمايدۇ، ئەمما لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سورىلىدۇ.

## كۈن تۇتۇلغاندا ناماز ئوقۇشنىڭ سەۋەبى

كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز ھىجرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بولۇپ، باشلىنىش جەريانى مۇنداق ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى كۈن تۇتۇلغانىدى. ئۇنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر بولسا، كۈن ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغا ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن تۇتۇلدى، دېيىشتى ۋە بۇ سۆز - چۆچەك جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرۈپ ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قولىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خاتا چۈشەنچىنى يوق قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتتى. تۆۋەندە سىلەرگە بۇ ھەقتىكى مۇغىرە ئىبنى شۇبەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى تەقدىم قىلىمىز، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى قۇياش تۇتۇلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر، ئىبراھىم ۋاپات قىلغانلىقى ئۈچۈن كۈن تۇتۇلدى، دەپ سۆز - چۆچەك تارقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مۇنداق دېدى: (إن الشمس والقمر آيتان من آيات الله عز وجل لا ينكسفان لموت أحد، ولا لحياته فإذا رأيتموها فادعوا الله تعالى وصلوا حتى ينجلي) «جەزمەنكى كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىك ۋە بارلىقىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرەر دەلىل بولۇپ، بىراۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ياكى ھاياتتا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگىنىڭلاردا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىڭلار ۋە ئېچىلىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

## كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى

كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز شەكىل جەھەتتە باشقا نامازلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ناماز ئىككى رەكئەت بولۇپ، ئەڭ ئەۋزىلى جامائەت بىلەن ئوقۇشتۇر. لېكىن يالغۇز كىشىنىڭ ئوقۇشىمۇ جائىز. جامائەت بىلەن ئوقۇلغاندا ئىمام ئىككىلى رەكئەتتە قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ئىمام جامائەتكە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا قىسقا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

نامازنىڭ شەكلى بولسا مۇنداق، ناماز تەكبىر تەھرىمە بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن سۈرە پاتىھە ئوقۇلىدۇ، ئاندىن قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇلىدۇ، ئاندىن رۇكۇ قىلىنىدۇ، رۇكۇ دىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇس تۇرغاندىن كېيىن سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم رۇكۇ قىلىدۇ، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئاندىن سەجدىگە بارىدۇ. يەنى ھەر رەكئەت ئىككى رۇكۇ ۋە ئىككى سەجدە بىلەن ئوقۇلىدىغان بولۇپ، ئىككىلى رەكئەت مۇشۇنداق ئوقۇلىدۇ.

تۆۋەندە سىلەرگە بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغا ھەدىسنى كۆرستىپ ئۆتۈپ، شۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلىمىز. بۇ بۇخارى ۋە مۇسلىم بىرلىكتە رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىسلەردىندۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: (**خسفت الشمس في حياة رسول الله صلى الله عليه وسلم فخرج رسول الله إلى المسجد فقام فكبر وصف الناس وراءه، فاقترأ قراءة طويلة، ثم كبر فركع ركوعا طويلا، هـو أدنى من القراءة الأولى، ثم رفع رأسه فقال: سمع الله لمن حمده، ربنا ولك الحمد، ثم قام فاقترأ قراءة طويلة، هي أدنا مـن القـراءة الأولى، ثم كبر فركع ركوعا هو أدنا من الركوع الأول ثم قال: سمع الله لمن حمده، ربنا ولك الحمد ثم سجد، ثم فعل في الركعـة الأخرى مثل ذلك حتى استكمل أربع ركعات، وأربع سجدات، وانجلت الشمس قبل أن ينصرف. ثم قام فخطب الناس فأثنى على الله بما هو أهله ثم قال: إن الشمس والقمر آيتان من آيات الله عز وجل لاينخسفان لموت أحد، ولا لحياته، فإذا رأيتموهما فافزعوا إلى الصلاة**) رەسۇللاھنىڭ زامانىسىدا كۈن تۇتۇلۇپ قالغانىدى، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە چىقتى ۋە ئۆزى قىيامدا تۇرغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتتى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا سەپتە تۇرغۇزدى، ئاندىن ئۇزۇن بىر قىرائەت قىلغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇغا باردى ۋە رۇكۇنى قىرائەتتىن قىسقىراق، ئەمما ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ "**سمع الله لمن حمده، ربنا ولك الحمـد**" دېگەندىن كېيىن ئەۋۋەلقىدىن قىسقىراق، ئەمما ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق قىلىپ بىر قىرائەت قىلدى، ئاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇنى ئالدىنقىدىن قىسقىراق قىلدى، ئاندىن "**سمع الله لمن حمده، ربنـا ولك الحمد**" دېدى، ئاندىن سەجدە قىلدى. ئاندىن كېيىن ئالدىنقى رەكئەتكە ئوخشاش تۆت رەكئەتنى ۋە سەجدىنى تامام قىلدى. ناماز تۈگىمەستىن كۈن ئېچىلدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنسانلارغا نۇتۇق سۆزلەپ، ئاللاھقا لايىق بىر شەكىلدە ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان) دەلىللىرىدىن بىر دەلىل بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر كىشىنىڭ ۋاپات قىلىشى ياكى ھاياتقا كۆزنى ئېچىشى سەۋەبىدىن تۇتۇلمايدۇ، شۇڭا سىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار دەرھال ناماز ئوقۇڭلار»

ئىمامى مالىك، شافىئى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى كۆز قارىشىدا بولۇپ، ئىمامى ئەبۇ يۈسۈف بىلەن ئىمامى مۇھەممەد بۇ ئىككى نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلىشىنى شەرت دەپ قارايدۇ. ئىمامى ئەزەم بىلەن ئىراق ئالىملىرى بۇ ناماز يالغۇز ئوقۇلىدۇ، دەيدۇ.

"بەھر ـ دېڭىز" ناملىق كىتابتا ئىترەدىن ھىكايە قىلىنىدۇكى، ئۇ كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ھەم يالغۇز ھەمدە جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككىلى پىكىرنى توغرا دەپ قارايدۇ.

## سەدىقە ۋە ئىستىغپار

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىردىن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بېرىلسۇن. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچبىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن ئۈنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇممىتىنى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭدەك، كۈن ۋە ئاي تۇتۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنى سەدىقە بېرىشكە، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئىستىغپار ئوقۇشقا ۋە تەكبىر ئېيتىشقا تەشۋىق قىلغان.

سەھىھ بىر ھەدىستا رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(إن الشمس والقمر آيتان من آيـات الله، لاينخسـفان لمـوت أحـد، ولا لحياتـه)** «جەزمەنكى كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىك ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىن بىر دەلىل بولۇپ، كۈن بىلەن ئاي بىراۋنىڭ ئۆلمى ياكى ھاياتقا كۆزنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ». (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

## سۇ تەلەپ قىلىپ ئوقۇلىدىغان ناماز

مۇسۇلمان ھەر قانداق ئەھۋالدا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا دۇئا قىلغان، رەھىم - شەپقەت تىلىگەن ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم تىلىگەن ھالدا ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. چۈنكى نېمەتلىرىنى تېتىتقۇچى يالغۇز ئاللاھ تائالا بولۇپ، قىيىنچىلىقتا قېلىپ دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىر شەھەرگە يامغۇر ياغمىسا ياكى يەر - زېمىن قۇرۇپ كېتىپ زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىشكە باشلىسا، مۇسۇلمانلار ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يىلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت، ياردەم ۋە يامغۇر، سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى ئوقۇيدۇ.

سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى بولسا، ئېھتىياجلىق بولغاندا جانابى ئاللاھتىن سۇ تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ناماز تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ئىمامى مۇسلىم (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا مۇنداق دېيىلىدۇ: "رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن (ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە) چىقىپ ئىنسانلارغا ئارقىسىنى قىلدى، قىبلىگە ئالدىنى قىلدى ۋە تونىنى تەتۈر كىيدى" بۇخارى (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) بولسا بۇنىڭغا شۇنى ئىلاۋە قىلىدۇ: «... نامازدا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى» بۇ توغرىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

## سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچ خىلدۇر

مۇسۇلمانلارنىڭ يالغۇز بولسۇن ياكى جامائەت بىلەن بولسۇن پەقەتلا دۇئا قىلىش ئارقىلىق سۇ تەلەپ قىلىشىدۇر. بۇ ئەڭ ئاددىيسى.

ئوتتۇرا ھالى، پەرز ياكى نەپلى ناماز بولغان تەقدىردىمۇ ھەر نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىش ئارقىلىق سۇ تەلەپ قىلىش.

ۋە ئەڭ ئەۋزەل سۇ تەلەپ قىلىش شەكلى بولسا، مەخسۇس ناماز ئوقۇش ۋە نامازدىن كېيىن ئىمام مۇسۇلمانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارغا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھنى ئەسلىتىدىغان، ئۇلارنى ئۇنىڭ ئازابىدىن ۋە جازاسىدىن قورقىتىدىغان، يەنە ئۇلارنى سەدىقە بېرىشكە، قوللىرىدىن كېلىشچە ھەر خىل ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، (باشقىلارغا) زۇلۇم قىلماسلىققا ۋە گۇناھتىن تەۋبە قىلىشقا ۋەسىلە بولىدىغان بىر ناماز ئوقۇش ئارقىلىق سۇ تەلەپ قىلىشتۇر. چۈنكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بۇ

ئىشلار يامغۇرنىڭ كېسىلىپ قېلىشىنىڭ، زېمىنىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ، قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقماس بولۇپ قېلىشىنىڭ، رىزىقتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىنىڭ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا (ئاللاھنىڭ) غەزىۋىگە دۇچار بولۇپ قېلىشىنىڭ، قورقۇنچ، ئاچلىق، پۇل ـ مالنىڭ، زىرائەت ۋە مېۋە ـ چىۋىلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشنىڭ، بەلكى (ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمىز) خەلقى زالىم بولغان رايوننىڭ كومپەيكوم بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## بۇ نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى

سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى تەكتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، پۈتۈنلەي ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. يەنى ئىمام بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن بۇرۇن 7 قېتىم تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى رەكئەتتە بولسا، قىرائەتتىن كېيىن 5 قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. قىرائەتتىمۇ ھېيت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇيدۇ. يەنى ئەگەر ئوقۇيالىسا ئەۋۋەلقى رەكئەتتە "سَبِّحِ اسْمِ رَبِّكَ الأَعْلَى"، "هَلْ أَتَاكَ حَدِيْثُ الْغَاشِيَةِ" سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئوقۇيالمىسا قۇرئاندىن بىلگىنىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

يەنە بىرى ھېيت نامىزىدا مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىن خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن، زىننەتلەنگەن ھالدا ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان يەرگە باراتتى. بىراق سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدا بولسا، خۇشپۇراق ئىشلەتمەستىن ۋە زىننەتلەنمەستىن بارىدۇ، ھەتتا بۇ نامازغا ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلمايدىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كونا كىيىملىرى بىلەن بارىدۇ. چۈنكى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلىدۇكى، "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى خار كۆرسەتكەن، كىچىك پېئىل، ئاللاھقا يالۋۇرغان ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە كەلگەن".

ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنسانلارغا خۇتبە سۆزلەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىدا مىنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **(خرج نبي الله صلى الله عليه وسلم يوما يستسقي وصلى بنا ركعتين بلا أذان ولا إقامة ثم خطبنا ودعا الله وحول وجهه نحو القبلة رافعا يديه ثم قلب رداءه فجعل الأيمن على الأيسر والأيسر على الأيمن)** "بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ كېلىپ، بىزگە ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇماستىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، خۇتبە سۆزلىدى، دۇئا قىلدى ۋە يۈزىنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ، قوللىرىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن يەكتىكىنى تەتۈر كىيدى".

خاتىپنىڭ خۇتبىدە ناھايىتى كۆپ ئىستىغپار ئېيتىشى لازىم. چۈنكى بۇنداق ئەھۋاللاردا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇناسىپ ئىش ئىستىغپاردۇر.

خاتىپ بولسۇن، جامائەت بولسۇن تونلىرىنى تەتۈر كىيىدۇ. بۇنداق قىلىشتا قاتتىقچىلىقنىڭ راھەت ـ پاراغەتكە، قىيىنچىلىقنىڭ ئاسانلىققا، غەزەپنىڭ رازىلىققا ئۆزگەرتىلىشى ئۈچۈن بىر ئىما ـ ئىشارەت بولۇپ، دۇئا قىلغاندا قوللىرىنى كۆتۈرىدۇ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ پادىشاھى ۋە (خاتالاشقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى) كەچۈرۈم قىلغۇچى بولغان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا خارلىنىپ ـ زارلىنىپ تۇرۇپ ئىچىدە ۋە ئۈنلۈك دۇئا قىلىدۇ. ئىمام مەخپىي دۇئا قىلغاندا جامائەت دۇئا قىلىدۇ، ئۈنلۈك دۇئا قىلغاندا بولسا جامائەت سۈكۈت قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ مۇمكىن قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلىشى ياخشى بولۇپ، ئەگەر ئۇ دۇئالارنى بىلمىسە خالىغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى جائىزدۇر. نىملا بولمىسۇن دۇئانىڭ ئاللاھقا يالۋۇرۇش، باش ئېگىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا خارلىنىپ ـ زارلىنىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىستىغپار ئېيتىش بىلەن قىلىنىشى كېرەك.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ تەلەپ قىلغان دۇئالىرى

«اللهم سقيا رحمة لاسقيا عذاب ولا محق ولا بلاء، ولا هدم، اللهم على الظراب والآكام، ومنابت الشجر وبطون الأوديـة، اللهم حوالينا ولا علينا.»

«اللهم أسقنا غيثا مغيثا هنيئا مريئا غدقا مجللا سحا طبقا دائما. اللهم أسقنا الغيث ولاتجعلنا من القانطين. اللـهم إن بالعبـاد والبلاد من الجهد والجوع والضنك مالا نشكوه إلا إليك، اللهم أنبت لنا الزرع، وأدرلنا الضرع وأنزل علينا بركات السماء وأنبت لنا من بركات الأرض، واكشف عنا من البلاء مالا يكشفه غيرك. اللهم إنا نستغفرك إنك كنت بنا غفارا، فارسل السماء علينـا مدرارا" (ئىمام شافئىي رىۋايىتى)

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! بىزنى ئازابىڭ بىلەن، جازايىڭ بىلەن ياكى بالايى ئاپەت بىلەن، ياكى پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان شەكىلدە ئەمەس، رەھمىتىڭ بىلەن سۇغارغىن. ئى ئاللاھ! دۆڭلۈكلىرىمىزگە، ئورمانلىقلىرىمىزغا ۋە چۆل ـ باياۋانلىرىمىزغا يامغۇر ياغدۇرغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنى نورمال، ياخشى ۋە كۆپ بەرىكەتلىك، سۈيى كۆپ، ھەممە يەرگە ئوخشاش تارالغان، دائىم يېغىپ تۇرىدىغان، زېمىننى قاپلىغۇچى، دائىمى يېغىپ تۇرىدىغان بىر يامغۇر بىلەن سۇغارغىن. ئى ئاللاھ! بىزنى يامغۇر بىلەن سۇغارغىن، بىزنى رەھمىتىڭدىن ئۈمىت ئۈزگەنلەردىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنىزنىڭ ۋە بۇ شەھەرنىڭ شۇنداق قىيىنچىلىقى، ئاچلىقى ۋە كەمبەغەللىكى باركى، بىز ئۇلارنى سەندىن باشقىسىغا شىكايەت قىلمايمىز. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ زىرائەتلىرىمىزنى ئۈندۈرۈپ بەرگىن، بىزنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرغىن، بىزگە ئاسماننىڭ بەرىكەتلىرىنى چۈشۈرگىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرغىن) ۋە بىزگە زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىدىن چىقارغىن، بىزدىن سەندىن باشقا ھېچكىم كۆتىرىۋېتەلمەيدىغان بۇ بالايى ـ ئاپەتلەرنى كۆتىرىۋەتكىن. ئى ئاللاھ! بىز (گۇناھلىرىمىزنى) كەچۈرۈم قىلىشىڭنى سورايمىز، چۈنكى سەن بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئۇنداق بولغانىكەن بىزگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن.

گۈلدۈرماما ۋە چاقماق چاققاندا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق دېيىشى سۈننەتتۇر: "**سبحان من يسبح الرعد بحمـده والملائكة من خيفته**" (گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ).

يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ يامغۇر ياغقان چاغدا مۇنداق دېيىشى سۈننەتتۇر: "ئى ئاللاھ! كۆپ ۋە پايدىلىق يامغۇر ياغدۇرغايسەن" يەنە يامغۇر ياغقان ۋاقىتتا خالىغانچە دۇئا قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا بىنائەن دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ۋاقىتلاردىندۇر:"شۈبھىسىزكى، تۆت يەردە دۇئالار ئىجاۋەتتۇر، جىھاد مەيدانىدا مۇسۇلمانلار دۈشمەن چېرىكلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بولغاندا، يامغۇر ياغقاندا، نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلگەندە ۋە كەبىنى كۆرگەندە".

يامغۇر ياغقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق دېيىشمۇ سۈننەتتۇر: "ئاللاھنىڭ بىزگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمەتى بىلەن يامغۇر ياغدى" بارلىق ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بولسۇن.

## چاشگاھ ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز

چاشگاھ ۋاقتى نامىزى ئەجرى - ساۋابى كۆپ بولغان مۇستەھەب بىر نامازدۇر. لېكىن بۇ ناماز ۋاجىب بولمىغىنىدەك، پەرزمۇ ئەمەس، ئۇنى ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان ئەجرى ۋە ساۋابقا قىزىققۇچىلار ئۇنى ئوقۇيدۇ. بىراق ئۇنى ئوقۇمىغانلار بولسا ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەيىپلەنمەيدۇ.

ئەبى سەئىد ئەل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **(كان النبي صلى الله عليه وسلم يصلي الضحى حتى نقول لايدعها، ويدعها حتى نقول لايصليها)** "رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام چاشگاھ ۋاقتى نامىزىنى شۇنداق داۋاملاشتۇراتتىكى، بىز ئۇنىڭ بۇ نامازنى ھەرگىز تاشلىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالاتتۇق، يەنە (بەزىدە) شۇنداق تاشلىۋېتەتتىكى بىز رەسۇلۇللاھ بۇ نامازنى ئىككىنچى ئوقۇمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق"، (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى).

بۇ نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(قال الله عز وجل: ابن آدم لا تعجزن عن أربع كلمات في أول النهار أكفك آخرة)** "ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ، چۈشتىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىكى، مەن سېنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىڭغا كاپالەتلىك قىلاي".

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا مۇنداق دەيدۇ: **(أوصاني خليلي صلى الله عليه وسلم بثلاث: بصيام ثلاثة أيام في كل شهر، وركعتي الضحى، وأن أوتر قبل أن أنام)**"دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر ئاي ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ئىككى رەكئەت چاشگاھ ۋاقتى نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىترىنى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى".

چاشگاھ نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈننىڭ بىر قىلىچ بويى ئۆرلىشى بىلەن باشلىنىپ، كۈن تام تىكلەنگەندە تۈگەيدۇ. شۇنداقتىمۇ كۈن رەسمىي چىقىپ ئىسسىق بولغىلى تۇرغاندا ئوقۇش مۇستەھەبتۇر.

بۇ ناماز ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز رەكئەت ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر ھەسەندىن نەقلى قىلىپ دەيدۇكى، ھەسەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ نامازنى ئوقۇمتى؟" دەپ سورىغانىدى. ھەسەن: "شۇنداق، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىككى رەكئەت ئوقۇسا، بەزىسى تۆت رەكئەت ۋە بەزىسى چۈشكىچە ئوقۇيتتى" دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىز مۇسۇلمانىنىڭ مانا مۇشۇنداق تاڭ سەھەردە، چاشكاھ ۋاقتىدا، پېشىن ۋاقتىدا، نامازدىگەر ۋاقتىدا، كەچلىكتە ۋە خۇپتەن ۋاقتىدا، كېچىسىدە ۋە ئەتىگەندە داۋاملىق ئاللاھ بىلەن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. كىم ئاللاھ بىلەن بىللە بولسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشى بولسا كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ، ھىدايەت تاپىدۇ، ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھىمايىسىگە، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە، بەخت - سائادەتكە، تۇرمۇش باياشاتلىقىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان، لەززەت ئېلىشنى بىلگەن ۋە جانابى ئاللاھ ۋەدە قىلغان بويىچە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر بىلەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: **(مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ)** «ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق

قىلىپ) ئۇبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز». (نەھل سۈرىسى 97 - ئايەت).

## هاجەت نامىزى

سەھىھ بىر ھەدىستا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىقىپ مۇنداق دېدى: «كىمنىڭ ئاللاھقا ياكى ئىنسانلارنىڭ بىرىگە بىر ئېھتىياجى بولسا، كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېسۇن: «لاإله إلا الله الحليم الكريم، سبحان الله رب العرش العظيم، والحمد لله رب العالمين أسئلك موجبات رحمتك وعزائم مغفرتك والعصمة من كل ذنب، والغنيمة من كل بر، والسلامة من كل إثم، لا تدع لي ذنبا إلا غفرته، ولا هما إلا فرجته، ولا حاجة هي لك رضا إلا قضيتها ياأرحم الرحمين. ثم يسئل من أمر الدنيا والآخرة ماشا فإنه يقدر».

(بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىرىمايدىغان ھەلىم ۋە كەرەملىك ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، كاتتا ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى نوقسان سۈپەتلەردىن پاك دەپ تونۇيمەن، بارلىق ھەمدۇ سانالار كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بولسۇنكى، مەن سەندىن رەھمىتىڭنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بېرىلىدىغان ياخشىلىقلارنى، بۈيۈك مەغپىرەتىڭنى، پۈتكۈل گۇناھلاردىن ساقلىشىڭنى، ھەممە ياخشىلىقتىن مېنى ھەسسىدار قىلىشىڭنى، جىنايەت ئىشلەپ قېلىشتىن ساقلىشىڭنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن، دەرت - ئەلەملىرىمدىن قۇتۇلدۇرغىن، سەن رازى بولىدىغان ئېھتىياجلىرىمنى راۋا قىلغىن، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن. ئاندىن دۇنيا، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن خالىغىنىچە ئاللاھتىن ھاجىتىنى تىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىگە قادىر دۇر). (تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

دېمەككى، جانابى ئاللاھ سىزگە ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن خالىغانىنى بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىزمۇ زايا قىلۋەتمەيدۇ.

ئۇنداقتا سىز بارلىق ھېس - تۇيغۇ ۋە سەزگۈ ئەزالىرىڭىز بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىڭ، پەزلى - نېمەت ئىگىسى بولغان ئۇ زاتنىڭ نازۇ - نېمەت بېرىشىنى، بەرگەندىمۇ سېخىلىق بىلەن بېرىشىنى، بالا - مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى كۈتۈڭ. چۈنكى ھەقىقى ياخشىلىق يالغۇزلا ئاللاھقا يۈزلىنىشتۇر. باشقىسى بىلەن ئەمەس ئاللاھ بىلەن لەززەتلەنگىن، كاتتا پادشاھ بىلەن لەززەتلەنگەن كىشىگە ئۇ يېتىدۇ. پۈتكۈل ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

## كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە تەھەججۇد نامىزى توغرىسىدا

شەك - شۈبھە يوقكى، مۇسۇلمانىنىڭ ئىشلىگەن ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەقۋا كىيىمى ۋە مۆمىنىنىڭ مېئراجى بولغان نامازدۇر. ئىمامى مالىك (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇۋەتتا ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ( استقيموا ولن تحصوا، واعملوا أن خير أعمالكم الصلاة) ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى توغرىسىدا ماڭا بىر رىۋايەت كەلدى: ”توغرا دۇرۇس بولۇڭلار، ئىشلىگەن ئەمىلىڭلارنى سانىماڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ناماز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇڭلار“ شۇڭلاشقا مۆمىنلەر (يەنى ساھابىلەر) نامازغا بېرىشتا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكەندەك شۇنداق كۆپ ناماز ئوقۇيتتىكى،جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلىگەندى: (كَانُوا قَلِيلًا مِنْ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ * وَبِالأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ) «ئۇلار

كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى» (زارىيات سۈرىسى 17 - 18 - ئايەتلەر).

يەنە بىر ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ: (وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا) «ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى 64 - ئايەت).

جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ۋە ئىشەنچلىك دوستى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ (ئەلەيھىسسالام) غا شۇنداق ئەمر قىلدى: (وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا) «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر» (ئىسرا سۈرىسى 79 - ئايەت).

تەھەججۇد نامىزى پەرز بولۇش سۈپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بىر ئىش بولسىمۇ،(باشقا) مۆمىنلەرگە نىسبەتەن پەرز ئەمەس نەپلىدۇر. ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئەجرىنى ئالىدۇ، ئوقۇمىغان كىشى بولسا گۇناھكار بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار كۆپچىلىكىدىن ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ نامازنىڭ ھۆكمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدىغان بۇ نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نۇرغۇن ماختاش سۆزلىرى ئېيتىلغانلىقتىن مۇسۇلمانلار كېچە نامىزى ئۈچۈن تۇرۇش ۋە سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارى بىلەن مەخپىي مۇڭدىشىشتا مۇسابىقىلەشتى. بۇ توغرىدا سەلمانۇل پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (عليكم بقيام الليل فإنه دأب الصالحين قبلكم، ومقربة إلى ربكم، ومكفرة للسيئات، ومنهاة عن الإثم، ومطردة للداء عن الجسد) «كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇڭلار، چۈنكى بۇنداق قىلىش سىلەردىن ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، گۇناھلىرىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ. ۋە ئۇنى (كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن) توختىتىدۇ ۋە بەدەندىن كېسەللىكلەرنى يوق قىلىدۇ».

يەنە سەھل ئىبنى سەئد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ: (جاء جبريل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال: يا محمد عش ماشئت فإنك ميت، واعمل ماشئت فإنك مجزي به، واحبب من شئت فإنك مفارقة، واعلم أن شرف المؤمن قيام الليل وعزه استغناؤه عن الناس) جىبرئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! سەن خالىغىنىڭچە ياشا، چۈنكى سەن ئۆلىسەن. خالىغىنىڭنى قىل، چۈنكى سەن ئۇلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا كۆرىسەن. سەن خالىغىنىڭنى ياخشى كۆرگىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن ۋە بىلىپ قويغىنكى مۆمىنىنىڭ شەرەپ - ھۆرمىتى كېچىدە قىيامدا تۇرۇشىدا، ئىززىتى بولسا ئۇنىڭ ئىنسانلاردىن بىھاجەت بولىشىدا».

## نەپلە نامازنىڭ يولغا قويۇلىشى توغرىسىدا

نەپلە نامازلار بەندىلەرگە رەھمەت (ۋەسىلىسى) ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرگە يېتىشى ئۈچۈن بىر تۈرتكە بولۇشى، پەرز نامازلاردا كەمچىلىكلەر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېسابلىنىشى ئۈچۈن، يەنە نامازنىڭ باشقا ئىبادەتلەردە تېپىلمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن پەزىلەت بولغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (إن ما يحاسب الناس به يوم القيامة من أعمالهم الصلاة، يقول ربنا لملائكته، وهو أعلم: انظروا في صلاة عبدي أتمها أم نقصها؟ فإن كانت

**تامة كتبت له تامة، وإن كانت انتقص منها شيئا قال: انظروا هل لعبدي من تطوع؟ فإن كان له تطوع قال: أتموا لعبدي فريضته من تطوعه، ثم تؤخذ الأعمال على ذلك)** «قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدە ئۇلاردىن دەسلەپتە ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر. پەرۋەردىگارىمىز پەرىشتىلەرگە ئۆزى ياخشى بىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنىڭ نامىزىغا بىر قاراپ بېقىڭلار، ئۇ نامازلىرىنى تولۇق ئوقۇدىمۇ ياكى ئوقۇمىدىمۇ؟ ئەگەر تولۇق ئادا قىلغان بولسا ئۇنىڭغا تولۇق يېزىلسۇن، كەم بولسا ئۇنىڭغا ئوقۇغان نەپلە نامىزى بارمۇ يوقمۇ ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ئوقۇغان نەپلى نامىزى بولسا، بەندىنىڭ كەم قالغان پەرز نامازلىرىنى نەپلى نامازلىرى بىلەن تولۇقلاڭلار، ئاندىن (قالغان) ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

## نەپلە ناماز نۇردۇر

1- نەپلە ناماز نۇردۇر ۋە يورۇقلۇقتۇر، شۇڭا كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇ مۇبارەك ناماز بىلەن يورۇتۇشى ئۈچۈن بۇ ناماز ئۆيدە ئوقۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(صلاة الرجل في بيته تطوعا نور، فمن شاء نور بيته)** «كىشىنىڭ ئۆيدە ئوقۇغان نەپلە نامىزى نۇردۇر، شۇڭا خالىغان كىشى ئۆيىنى نۇرلاندۇرسۇن»، (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

2- نەپلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا كۈچىڭىز يەتكەن تەقدىردىمۇ ئولتۇرۇپ، ئوقۇشىڭىز جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، بىرقىسمىنى ئولتۇرۇپ بىر قىسمىنى بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشىمۇ بولىدۇ. بۇنى بىر رەكئەتتە قىلىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، مەسىلەن، بىر رەكئەت نامازنىڭ بىر قىسمىنى ئولتۇرغان، بىرقىسمىنى بولسا ئۆرە تۇرغان ھالدا ئوقۇسىڭىزمۇ بولغىنىدەك، بۇرۇن ئولتۇرۇپ ئاندىن ئۆرە تۇرغان ھالدا ئوقۇشىمۇ جائىز بولىدۇ. يەنە بىر دەم ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ ئوقۇسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ نىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. يەنە ئۇ نامازدا خالىغانچە ئولتۇرىدۇ، لېكىن تۆت رەكئەتتىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. بۇ توغرىدا ئىمامى مۇسلىم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت نەپلى نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغاندا قانداق قىلاتتى؟ دەپ سورىدۇم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا مۇنداق جاۋاب بەردى: **(قالت يقرأ فيهما فإذا أراد أن يركع قام فركع)** "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامازدا قىرائەتنى ئولتۇرغان پېتى ئوقۇيتتى، ئەمما رۇكۇ قىلماقچى بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ رۇكۇ قىلاتتى"، (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

3- تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىدا كېچە ئورنىدىن تۇرۇشنى نىيەت قىلىشى سۈننەتتۇر. ئەبى دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(من أتى فراشه وهو ينوي أن يقوم فيصلي من الليل فغلبته عينه حتى يصبح كتب له مانوى، وكان ونومه صدقة من ربه)** «كىمكى كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ ياتقىغا كىرگەندىن كېيىن كېچە ئويغىنالماي تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپ قالغان بولسا، قىلغان نىيىتىگە ئاساسەن ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ناماز قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇيقۇ بولسا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سەدىقە (بولۇپ ھېسابلىنىدۇ)» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

كۆرۈۋاتامسىز! سىز كېچە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىر نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ ياتقىنىڭىزدا ئۇيقىڭىزدىن ئويغىنالماي، ئورنىڭىزدىن تۇرالماي قالسىڭىزمۇ جانابى ئاللاھ سىزگە ئەجىر ۋە ساۋاب يازىدۇ. يەنى نىيەت قىلىپ ياتقان بولسىڭىزلا سىزنىڭ ئۇيقىڭىزنى سىز ئۈچۈن بىر سەدىقە قىلىدۇ. پەزلى - نېمەت ۋە مىننەت قىلىش ئاللاھقىلا خاستۇر. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ئۇخلاشتىن بۇرۇن مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئاللاھ ئىسمىڭ بىلەن ياتىمەن ۋە يەنە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن قوپىمەن. ئەگەر مېنىڭ جېنىمنى ئالساڭ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئالمىساڭ ئۇنى سېنىڭ سالىھ بەندىلىرىڭنى قانداق مۇھاپىزەت قىلساڭ ئۇنىمۇ شۇنداق مۇھاپىزەت قىلغىن» ئاندىن ئايەتۇلكۇرسىنى، سۈرە ئىخلاسنى، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇيدۇ.

4- كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇماقچى بولغان مۇسۇلماننىڭ كېچە نامىزىنى يېنىك ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بىلەن باشلىغاندىن كېيىن خالىغىنىچە ئوقۇشى لازىم. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **(كان رسول الله صلى الله عليه وسـلم إذا قام من الليل ليصلي، افتتح صـلاته بـركعتين خفيفـتين)** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندا نامىزىنى ئىككى رەكئەت يېنىك ناماز ئوقۇش بىلەن باشلايتتى»، (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(قال النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام أحدكم من الليل فليفتح صلاته بركعتين خفيفتين)** «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كېچە (نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) ئورنىدىن تۇرسا، نامىزىنى ئىككى رەكئەت يېنىك ناماز ئوقۇش بىلەن باشلىسۇن». (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

5- كىشىنىڭ بۇ مۇبارەك ئىبادەتلەرنى بىرلىكتە قىلىش ۋە بىرلىكتە ئەجىر ساۋابقا ئېرىششى ئۈچۈن ئەھلى - ئايالىنى ئويغىتىش لازىم. چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(رحم الله رجلا قام من الليل فصلى وأيقظ امرأته فإن أبت نضح في وجهها الماء، رحـم الله امرأة قامت من الليل فصلت وأيقظت زوجها، فإن أبى نضحت في وجهه الماء)** «كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ نەپلە ناماز ئوقۇغان ۋە ئايالىنى ئويغاتقان، ئويغانغىلى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ سېپىپ ئويغاتقان ئەرگە ئاللاھ رەھمى قىلسۇن، كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ (نەپلە) ناماز ئوقۇغان ۋە ئېرىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئويغانغىلى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ سېپىپ ئويغاتقان ئايالغا ئاللاھ رەھمى قىلسۇن». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(إذا أيقظ الرجل أهله من الليل فصليا أو صلى ركعتين جميعـا في الـذاكرين والـذاكرات)** «كىشى كېچىدە ئەھلى - ئايالىنى ئويغىتىپ بىرلىكتە (نەپلە) ناماز ئوقۇسا، ياكى ئىككىسى بىرلىكتە ئىككى رەكئەتلا ناماز ئوقۇسا، ئاللاھنى زىكرى قىلغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ قاتارىدا يېزىلىدۇ». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

6- ئۆزىنى بەك قىينىماسلىقى لازىم. ئەكسىچە كۈچى يەتكۈچىلىك ۋە سالامەتلىكىگە تەسىر يەتمىگۈدەك شەكىلدە ئىبادەت قىلىشى كېرەك. يەنى قاچان ئۇيقۇسى كېلىپ، ھارغىنلىق ۋە خوشياقماسلىق ھېس قىلسا ناماز ئوقۇشنى توختىتىپ ئۇيقۇسى ئېچىلغۇچە ئۇخلىشى لازىم. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **(إذا قام أحدكم من الليل فاستعجم القرآن على لسانه فلم يدر ما يقول فليضـطجع)** «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ (ئىبادەت قىلىۋاتقاندا) قۇرئان كەرىمگە تىلى كەلمىگىلى ۋە نېمە دەۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالغىلى تۇرسا (جېنىنى قىينىماي) ياتسۇن» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىرىپ ئىككى تۈۋرۈك ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان بىر تانىنى كۆردى - دە مۇندا دېدى: «بۇنېمە؟» (ساھابىلەر) مۇنداق جاۋاب بەردى: «تانا زەينەبنىڭ بولۇپ، چارچىغاندا ياكى ئارىلىقىدا ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنى يېشىۋېتىڭلار. سىلەرنىڭ

بىرىڭلار جانلىق تۇرغان ۋاقتىدا ناماز ئوقۇسۇن، قاچانكى چارچىسا ناماز ئارىلىقلىرىدا ئولتۇرسۇن» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

7_ كىشى كېچە نامىزىغا باشلاپ، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ شۈكرى ئېيتىدىغانلاردىن كېيىن، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە ئۇنى زۆرۈرەت تېپىلمىغۇچە تاشلىۋەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن قايسى ئەمەلنىڭ جانابى ئاللاھقا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ( **أدومه وإن قـل**) «ئاز بولسىمۇ داۋاملىق بولغىنى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام مۇسلىم (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىپ ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: (**كان عمل رسول الله صلى الله عليه وسلم ديمة، وكان إذا عمل عملا أثبتـه**) «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلى داۋاملىق ئىدى ۋە بىر ئىشنى قىلسا ئۇنى ياخشى قىلاتتى». يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئابدۇللاھ سەن پالانىغا ئوخشاش بولما، ئۇ كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، كېيىنچە تاشلىۋەتتى» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

8- كېچە نامىزىنىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقتى يوق، شۇڭا بۇ نامازنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە بولسۇن، ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى ئاخىرىدا بولسۇن ئىشقىلىپ خۇپتەندىن كېيىنلا ئوقۇلسا بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: (**ما كنا نشـاء أن نراه من الليل مصليا إلا رأيناه، وما كنا نشاء أن نراه نائما إلا رأيناه، وكان يصوم من الشهر حتى نقول لا يفطر منه شيئا. ويفطر حتى نقول لا يصوم من شيئا**) «بىز ئۇنى كېچىسى ناماز ئوقۇغان هالدا كۆرمەكچى بولغىنىمىزدا ئۇنى شۇ هالدا كۆرەلەيتتۇق، يەنە بىز ئۇنى ئۇخلىغان هالەتتە كۆرمەكچى بولغىنىمىزدا ئۇنى شۇ هالەتتە كۆرەلەيتتۇق، بىر ئاينىڭ شۇنچە كۆپ كۈنلىرىدە روزا تۇتاتتىكى بىز ئۇنىڭ ئۇ ئاينى هېچ روزىسىز ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى گۇمان قىلىپ قالاتتۇق، (بەزىدە بولسا) شۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت روزا تۇتمايتتىكى بىز رەسۇلۇللاھ بۇ ئايدا هېچ روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق»، (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

هاپىز بولسا مۇنداق دەيدۇ: (**لم يكن لتهجده صلى الله عليه وسلم وقت معين بل بحسـب مايتيسـرله**) «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان مەلۇم بىر ۋاقتى يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۇ قاچان خالىسا شۇ ۋاقىتتا ئوقۇيتتى».

ئالىملار شۇنىڭدا ھەم پىكىرگە كەلگەنكى، تەھەججۇدنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: (**فقال: ينزل ربنا عز وجل كل ليلـة إلى السماء الدنيا حين يبقى ثلث الليل الآخر فيقول: من يدعوني فأستجب له. ومن يسألني فأعطيه. ومن يسـتغفرني فأغفرلـه**) «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا ھەر كېچە كېچىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ماڭا دۇئا قىلسا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىمەن، كىمكى مەندىن (بىر نەرسە) سورىسا بېرىمەن، كىمكى ئىستىغپار تىلىسە (ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) كەچۈرۈم قىلىمەن». (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

ئەبۇ مۇسلىم ئەبۇ زەرگە مۇنداق دېگەن: «كېچە ئىبادەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» ئەبۇ زەر: (**سألتُ رسـولَ الله صلى الله عليه وسلم كما سألتِني فقال: جوف الليل الغـابر وقليـل فاعلـه**) «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن سەن

سورىغان سۇئالىنىڭ ئۆز ئەيىنىنى سورىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «قاراڭغۇ كېچىنىڭ تام ئوتتۇرىسىدىكى، (لېكىن) بۇنى قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز»، (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

جانابى ئاللاھتىن بىزنى ۋە سىزنى (كۆپ) روزا تۇتقۇچىلاردىن، كېچە تەھەججۇد نامىز ئوقۇغۇچىلاردىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە بىلەن قايتقۇچىلاردىن قىلسۇن، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى دوست ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچىدۇر. بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەۋەردىگارى ئاللاھقا، ئالدىنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ يولباشچىسى ۋە بىزنىڭمۇ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە سالام بولسۇن.

## خاتىمە

ئاخىرىدا جانابى ئاللاھتىن بۇ كىتابنى پايدىلىق قىلىشنى ۋە بۇكىتابنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىسانە قوبۇل قىلىشنى سورايمەن.

مەن بۇ كىتابتا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان خاتالىق ياكى ئېزىشلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش بىلەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى تەكرارلايمەن. چۈنكى مەن ياخشى بىر ئىش قىلىشنى خالىدىم ۋە پەقەتلا دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەد قىلدىم. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە تەۋبە بىلەن ئۇنىڭغا قايتىمەن. (رَبَنَا إِنكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِي وَمَا نُعْلِنُ وَمَا يَخْفَى عَلَى اللهِ مِنْ شَيْءٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السمَاءِ) «پەرۋەردىگارىمىز سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان - زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپى ئەمەستۇر» (ئىبراھىم سۈرىسى 38 - ئايەت) (رَب اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصلاَةِ وَمِنْ ذُريتِي رَبنَـا وَتَقبلْ دُعَاءِ * رَبنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَي وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُـومُ الْحِسَـابُ) «پەرۋەردىگارىم مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا - ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن» (ئىبراھىم سۈرىسى40 - 41 - ئايەتلەر).

بارلىق ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا خاستۇر.